ئابدۇكېرىم راخمان

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
# نەزەرىيىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئابدۇكېرىم راخمان

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى

# 2

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى
ئۈرۈمچى 1983 - يىل

**民 间 文 学 概 论** （维文）
阿布都克里木·热合满 编
新疆大学教务处出版
新疆大学教材科发行
1983年2月第1版，1983年6月第一次印刷
印数：1—3.500

# ٩- باپ

## ماقال ۋە تەمسىللەر

ماقال ۋە تەمسىللەر خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ ئەڭ قەدىمى ئومۇمى ژانىرلىرىدىن بىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇلاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنيا قارىشى، جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئەخلاق نورمىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىدىئالى، ئارزۇ ئۈمىدى، ئىنتىلىشلىرى ھەمدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىنىڭ سەمەرىسى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇملاشقان ئىپادىسىدۇر.

ماقال — مەنتىقى تەپەككۇرنىڭ نەمۇنىسى، ئەدەپ ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى يىغىنچاقلىغان ھىكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ خەلق دانىشمەنلىكى، ئەقىل - ئىدرەكى، پىكىر - ئويلىرىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلدى، سىنالدى، تۇرمۇش تەستىقىدىن ئۆتكەن چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا قانات بەخش ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، كىشىلىك ھاياتتا تەلىم - تەربىيە جەھەتتىن ناھايىتى يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ، كۆپ ئەسىرلىك تۇرمۇش ۋە كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ۋە جەۋھىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ.

ماقال ۋە تەمسىللەر خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا چەمبەرچەس باغلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا زىچ تەدبىقلانغانلىقى، جۈملىدىن ئۆزى كېلىپ چىققان ئىجتىمائى شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، تىلىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى شۇ مىللەت خەلقلىرى تىلىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ پوئېتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ تىلنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاممىباپلىقىنى ئاھاڭدارلىقىنى، ھېسسىلىقىنى نامايەن قىلىدۇ، جۈملىدىن ئۇ ئابستراكىت چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، تىلغا ئېنىقلىق بېرىدۇ، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە شانۇ - شەۋكەت بېغىشلايدۇ، پىكىرنى جانلىق، ئىخچام، دەلمۇ - دەل، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز: «ئەركوركى — ساقال، سۆزكوركى — ماقال» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان،

ماقال ۋە تەمسىللەر خەلق كوللىكتىۋى مەنتىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا

ئۇنىڭ ئەقلىيە خاراكتېرى نىسبەتەن كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش ماقال-تەمسىللەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنىمۇ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ ئۈمىتلىرى، ئىدىيەۋى خاھىشلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان قاراشلىرى، ئىلىم-پەن ۋە ھۈنەر-كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرى، ئەخلاقى-پەزىلەت ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى، ئەمگەك ۋە ئەمگەك سۆيۈش، كوللېكتىپ ۋە كوللېكتىۋىزىملىق قاراشلىرى، قىسقىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا، ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ ئاممىۋىلىقى ۋە ئاممىباپلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ماقال ۋە تەمسىللەردىن زادىلا خالى ئەمەس، چۈنكى ماقال-تەمسىللەر كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ قايمىقى بولغاچقا، ھەرقانداق كىشى ئۆزپىكىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىدىنى توغرا ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئىزاھلاپ، كىشىلەردە ئىستىتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىش مەقسىدىدە ھامان ماقال تەمسىللەرگە مۇراجەت قىلماي قالمايدۇ. قىسقىسى، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن ماقال-تەمسىللەر خۇددى تاشقا مۇھۇر باسقاندەك، ئۇنتۇلماس تەسىر قوزغايدۇ.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇق داھىيسى لېنىن خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «...ناھايىتى ساز، ناھايىتى ياخشى، ئەنە شۇلاردىن يازغۇچىلىرىمىز ئۆگەنسىلا بىرجۈملە بىلەن پارچە-پارچە قىلىپ تاشلايدىغۇ... چوڭ بولغان ماقال ۋە تەمسىللەر توپلىمىنى تۈزۈش كېرەك.. بۇ بولسا يازغۇچى ۋە ناتىقلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر غەزىنە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.» ① دېگەن ئىدى.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركىمۇ ماقال-تەمسىللەرنىڭ قىممىتىنى يۇكسەك باھالاپ: «ئەڭ ئۇلۇق دانالىق سۆزنىڭ ساددىلىقىدادۇر، ماقال-تەمسىللەر دائىم قىسقا بولىدۇ، ئۇلاردا پۈتۈن-پۈتۈن كىتاپلار مەزمۇنىغا تەڭ كېلىدىغان پىكىرۋە سەزگۈلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» ② دېگەن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە، «ئومۇمەن ماقال-تەمسىللەر ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائى، تارىخى تەجرىبىلىرىنى نەمۇنىلىك سورەتتە شەكىللەندۈرىدۇ. يازغۇچى سۆزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈگكەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۆگىنىدىغان مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇشى كېرەك» ③ دەيدۇ.

ئا. س. پوشكىن خەلق ماقاللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەبەدى گۈزەللىكىگە قايىل بولغان ۋە ئۇز ئىجادى ئەمگىكىدىمۇ ماقال-تەمسىللەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان، ئۇ «ھەربىر ماقالىمىز قانچىلىك مەنىدار! قانچىلىك چىرايلىق!! قانچىلىك مەزمۇنلۇق، ئالتۇندە، ئالتۇن!!!... ئۇلارنى ئىجات قىلىش ئاسان گەپ ئەمەس» دەپ

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 20-توم. 299-بەت.

②③ — «ئۆزبېك ماقال-تەمسىللىرى». كىرىش سۆز.

ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ئومۇمەن، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن بارلىق مۇتەپەككۇرلار بۈيۈك سەنئەتكارلار... نىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە، بولۇپمۇ ماقال- تەمسىللەرگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ يۈكسەك كۈچىگە قايىل بولغان. ھەقىقەتەن ياخشى تاللانغان ۋە جايىدا قوللىنىلغان ماقال- تەمسىللەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دەك مەنا ۋە شەۋكەت بېغىشلايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبى ھاياتىدا مۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىدا، قەدىمقى تۈركى قەبىلىلەرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماقال ۋە تەمسىللەردىن ناھايىتى كۆپ نەمۇنىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، ئەنەشۇ ماقال- تەمسىللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي خەلقىمىز ئارىسىدا تۈرلۈك ۋارىيانتلاردا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

«كىشى ئالەسى ئىچتىن
يىلقى ئالەسى تاشتىن»

(ئادەم ئالىسى ئىچىدە، مال ئالىسى تېشىدا)

| | |
|---|---|
| «ئەر سوزى بىر» | ( ئەرنىڭ سوزى بىر ) |
| « ئەگمگۈنچە ئۈنمەس» | ( تېرىمىسا ئۈنمەيدۇ ) |
| « ئەمگەك ئەكمزە قالماس » | ( مېھنەت يەردە قالماس ) |
| « ئاش تاتىغى تۇز » | ( ئاشنىڭ تەمى تۇزبىلەن ) |
| « قۇت بىلگۈسى بىلىگ » | ( بىلىم بەخت بەلگۈسى ) |

«قورقموش كىشىگە قوي باشقۇش كورنەر»
( قورققانغا قوش كورۈنەر)

| | |
|---|---|
| « كىشەشلىك بىلىك ئارتاماس » | (كىشەشلىك توي تارقىماس) |

« بورىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇنىنىڭ يىغاچ باشىدا»
( بورە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغاتاپسا دەرەخ ئۇچىدا)
« ئالىمچى ئارسلان، بىرىمچى سىچقان »
( ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى چاچقان)
« ئىرنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كورنەر»
« ئېگىر بولسا ئەر ئولەمەس»
« ئاچ نىمە يىمەس، توق نىمە دىمەس »
« ئەركەچ گوشى ئەمبولار، ئوچكە گوشى يەل بولار»

«بەلگۈ بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سوزدىن قايماس»
«مىھمان كەلسە قۇت كېلور»
«ئوغلاق يېلىكسىز، بالا بىلىمسىز»
«دېڭىزنى قىيپىق بىلەن بوقتىلى بولماس»
«ئىتقا ئۇيات كىرسە ئولتاك يىمەس.»

يۇقۇرقى مىساللاردىن كورۇشكە بولىدىكى، ماقال - تەمسىللەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن پۇختىلىقى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۇچۇن «تۈركى تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن بۇ ماقال - تەمسىللەر ھازىرمۇ ئوزىنىڭ رىيال قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

دىمەك، ماقال - تەمسىللەر ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمرا بولۇپ، ئەدەپ - ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە مەنىۋى يېتەكچى ۋە مەسلىھەتچى بولدى، ئۇكىشلەرنى ئاگاھلاندۇردى، (بىراۋغا كۆلمە زىنھار، ساڭا كۆلگۈچىلەرمۇ بار) مەسلىھەت بەردى (يول بىلمىسەڭ يول سورىغىن يۈرگەندىن، گەپ بىلمىسەڭ گەپ سورىغىن بىلگەندىن) ئەمگەكنى ئۇلۇغلىدى، (ئىشلىگەننىڭ ئاغزى ئاشقا تىگەر، ئىشلىمىگەننىڭ بېشى تاشقا تىگەر) ۋە باشقىلار. ئومۇمەن، خەلقنىڭ ماقاللىرىدا چوڭقۇر مەزمۇن، خەلق دانالىقى، مىللى ئەنئەنە، ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات تەجرىبىلىرى جەمىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى پىكىر- باھاسى، ئەمگەك يەكۇنلىرى مۇجەسسەملەشكەن. ماقاللارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئومۇركورۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇيەردە.

ماقاللاردا ھەر بىر تارىخى دەۋر، ئىجتىمائى، سىياسى ۋەقەلەر مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىزىنى قالدۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ماقاللار يارىتىلىپ، سوز سەنئىتى غەزىنىسىنى بېيىتىدۇ.

ماقاللار خەلق چۈشەنچىسى ھايات تەجرىبىلىرى، مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئومۇملاشقان خۇلاسىسى بولۇپلا قالماي، ئۇيەنە ھەقىقەتنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر، ئۇ ياكى بۇمەسىلە ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھوكۇمنامىدۇر. خۇلاسىلىغاندا، ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تووەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1- ئىجتىمائى ۋە تەربىيىۋى رولى: — ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، كىشلەرنى سىياسى ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. كوپلىگەن ماقال - تەمسىللەر يالغۇز ئوبىكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ئادەملەر، كوللىكتىپلار، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر، ھەتتا ئەخلاق، دىن، سىياسى، قانۇن، پەلسەپە قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى قاراشلارنى ئەكسى ئەتتۇرىدۇ.

مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە:

△ ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويىڭ سامان بولماس.

△ يۇرت قوغدىساڭ ئوسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئوچەرسەن،

△ ئانايۇرتۇڭ ئالتۇن بوشۇڭ،

△ ئەل ئامان، شەرىڭ ئامان،

△ ئەلگە باققان خارئەمەس،

△ كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئوزيۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول،

دىگەنگە ئوخشاش ۋەتەنگە مۇھەببەت ۋە ساداقەت ھىسلىرى بىلەن تولغان ماقاللار بولۇپ، كىشلەرنى يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كوپلىگەن ماقال - تەمسىللەردە سىنىپى مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپى كۇرەش ئەكس ئېتىدۇ، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ھوكۇمران سىنىپلارغا ۋە ئىكسپىلاتاتۇرلارغا قارشى غەزەپ- نەپرىتى بايان قىلىنىدۇ. ئەزگۇچى سىنىپلارنىڭ خەلققە سالغان جەۋرى - جاپالىرى ئوتكۇر پاش قىلىنىدۇ:

△ باي بالىسى 15 كە كىرسە باش، گاداي بالىسى 30 غا كىرسىمۇ ياش.

△ باي بايغا باقار، سۇسايغا.

△ ئوڭدا ياتقان كىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە.

△ ھالۋۇنى ھىكىم يەر، تاياقنى يىتىم.

△ بايدىن ئاياق سورساڭ، ئۇ ساڭا تاياق بىېرىدۇ.

△ بىرىشتە سانىغى توققۇز، ئىبلىشتا سانىغى ئوتتۇز،

△ بىگىڭگە يەتكىچە بىلىڭ ئۇشتۇلار،

△ خوجايىنىنىڭ قوسقى توق، قۇل بىلەن ئىشى يوق.

△ ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇخرا باقالمىدۇ چىراق.

△ كىم چاپاننى يىڭى كەيسە باي غوجامنىڭ ئوغلىشۇ،
كىم چاپاننى كونا كەيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر ئوبرازلىق سىلىشتۇرمىلار ئارقىلىق ئوتمۇشتىكى سىنىپى زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشلەرنى سىنىپىي كۇرەش روھىدا تەربىيلەيدۇ.

△ قازى ئاچ قالسا بازار كىزىدۇ، سوپى ئاچ قالسامازار،

△ ئىشاننىڭ قوسىقى بەشتۇر، بىرى دائىم بوشتۇر.

△ يىلان - چايان ئىزلىسەڭ، قازىنىڭ كورىنى ئاچ.

قاتارلىق ماقاللاردا چىرىك فېئوداللىق دىنى ھاكىمىيەتنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى پاش قىلىنىدۇ.

2- ماقاللار تارىخى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇلار كۆپىنچە تارىخى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر تەسىرىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقاللارنىڭ غايىۋى مەزمۇنىدا خەلق ھاياتىنىڭ تۈرلۈكچە تەرەپلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شۇڭلاشقا بۇنداق ماقاللار ئارقىلىق ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى، شۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلق. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ماقاللىرى ئەنە شۇ ئەمگەك تۈرلىرى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇ ھەقتىكى ئەمگەك تەجرىبىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ:

باغنى باقساڭ باغ بولار،
پاتمان - پاتمان ياغ بولار،
بېقىمسىز باغ تاغ بولار
يۈرەك باغرىڭ داغ بولار.

موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدە (X111 ئەسىر) چىڭگىز خاننىڭ زۇلمى كۆپلىگەن ماقال - تەمسىل ۋە رىۋايەتلەرنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەپ بولدى، ئەنە شۇ دەۋرلەردە توقۇلغان ماقاللاردا تارىخى پاكىتلار ھەم كۆزگە تاشلىنىدۇ:

△ بوجى كەلدى، بوجى كەلدى
چىڭگىز بىلەن جوجى كەلدى.

مۇشۇنداق ماقال - تەمسىللەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، قانداق ئىجتىمائىي دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىجتىمائىي شارائىتلارغا بىۋاستە مەنسۇپ بولغان ئاڭ - سەزىمىنىڭ دەرىجىسىنى، پەلسەپىلىك پىكىر تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا ياردەم بېرىدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردە يارىتىلغان ماقال - تەمسىللەردە كۆپرەك ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرى، ئۇلارنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەش، بىلىمنىڭ قۇدرىتى، ئەدەپ - ئەخلاق قاراشلىرى خەلق ئىدىئالى سۈپىتىدە يەكۈنلەنگەن بولسا، سىنىپى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن فېئودالىزىمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە يارىتىلغان ماقاللاردا، ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى ئاساسى گەۋدە قىلىنغان بولىدۇ. (ئەلۋەتتە، تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ بار) ماقاللاردا ئىپادىلىنىدىغان بۇنداق دەۋر خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش تارىخىيلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

3- ھەر خىل ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشىدىكى رولى — ماقال ۋە تەمسىللەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ئىلمى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا، ئۇ

يالغۇز ئىجتىمائىي پەنلەر دائىرىسىدىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇغراپىيە، ئاگرونومىيە، چارۋىچىلىق، مېدىتسىنا، ھاۋارايى ئىلمى قاتارلىق كۆپلىگەن تەبىئىي پەنلەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولىدۇ. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان ئۆتمۈش دەۋرلەردە، خەلق ئاممىسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشتە كۆپرەك ماقال-تەمسىللەرگە تايانغان، ھەتتا بەزى ماقال-تەمسىللەردىن بىر خىل قانۇنىيەت سۈپىتىدە پايدىلانغان. بۇنداق ماقال-تەمسىللەر كېيىنچە ئالىملارنىڭ شۇ پەن ساھەسىدە ئىجتىھاتلىق بىلەن ئىختىرا قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. مەسىلەن:

△ «ئەركەك گوشى ئەم بولار، ئۆچكە گوشى يەل بولار»،

△ «ئىگىر بولسا ئەر ئۆلمەس»،

△ «ئات يوتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يوتەلسە پىچاق»،

△ «ياخشى ھاۋا تەنگە داۋا»

△ «سامساق، ئۈنى يېگەننىڭ تىنى ساق».

△ «بېشىڭنى سالقىن، قوسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت»

قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان بولسا،

△ «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»،

△ «ئانارنى چولگە تىك، ئەنجۈرنى كولگە تىك»،

△ «ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە»

△ «بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك»

△ «بۇغداي تەرسەڭ كۈزگە تەر،
ئارپا تەرسەڭ بوزغا (تەر)

△ «سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېخاننىڭ جېنى»

△ «شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر،
قويۇق ئاش چەش كۆرسىتەر»

△ «يەر تويمىغىچە ئەر تويماس.»

△ «قىشسىز يەر-پۇلسىز ئەر» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەردە دېخانچىلىق ئىلمى تەج-
رىبىلىرى يەكۈنلەنگەن.

△ «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە»

△ «ئاينىڭ بېشىدىن قورقمىغىچە، بەشىدىن قورق»

△ «يازنىڭ كېلىشىنى باھار بەلگىلەيدۇ».

△ «ھوت-كەتمەن سېپىنى تۇت»

△ «قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغىقى ئەتىيازى.» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر ھاۋارايى ئىلمى ئۈچۈن پايدىلىق ماتېرىياللار بېرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماقال-تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى رولى ۋە قىممىتى زور بولىدۇ. ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ زورلۇقىنى ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بەلگىلەپ بەرگەن.

4- بەدىئىي ئەھمىيىتى: ماقال-تەمسىللەر خەلق تىلىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تاۋلىنىپ ۋە تاللىنىپ چىققان جەۋھىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىستېتىك قىممىتى ناھايىتى زور. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقال-تەمسىللەر ئىنتايىن ئىخچام، ئاممىباپ، ئوبرازلىق، رىتىملىك ۋە كۆپۈنچە قاپىيىلىك تۈزۈلگەچكە، كىشىلەرگە يۈكسەك بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ، بۇ نۇقتىدا ماقال-تەمسىللەرنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە سۆزلەر شۇنچىلىك ئىخچام ۋە جىپىسلاشقان بولىدۇكى، بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقىمۇ، ئېلىۋېتىشكىمۇ ياكى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: «يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر» «سېغىز يەر-مېغىز يەر، شور يەر-پور يەر»، «ھەق ئىگىلەر سۇنماس»، «ياش توككىچە مۇش تۈگ» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەرنى ئالساق، گۈزەل بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىلاقچى بولغان پىكىر يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. مۇنداق ماقاللار شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك دەرھال كىشىلەر ئارىسىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىشىپ، ئومۇملىشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ماقال-تەمسىللەر بەدىئىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ناھايىتى مۇستەھكەملىكى، ئوبرازچانلىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، تىلىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك پۇختىلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەدەبىي-سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئوستۇرۇشتە، ئەدەبىي تىلنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، ماقال تەمسىللەرمۇ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ماكسىم گوركى: «سۆز سەنئىتى — ئادەملەرنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى نەتىجىسىدە قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ پەيدا بولدى. بۇنىڭغا سەۋەب، شۇ چاغدىكى ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىش-تەجرىبىلىرىنى كۆڭلىدە ئوگاي ۋە پۇختا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۆز شەكلىدە، يەنى «بېيىت»، «ماقال» «تەمسىل»، «ئەمگەك قوشاقلىرى» شەكلىدە رەسىملىشىپ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىدى»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

① م گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»

خۇلاسە قىلغاندا، ماقال - تەمسىللەر بىرىنچىدىن خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھاياتى-
دىن كېلىپ چىققان ھېكمەتلىك سۆزلەردىن، ئىككىنچىدىن ناخشا - قوشاق، ھېكايە - چۆچەك ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم شەكىللىرىدىن، ئۈچىنچىدىن، ئېغىز ئەدەبىياتىغا
كىرىپ ئۆزلۈشۈپ كەتكەن ئەدەبىي پارچىلاردىن تەشكىل تاپتى. خەلقىمىز ئەنە شۇ «ماقال
ۋە تەمسىل» دەپ ئاتالغان ھېكمەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمە-
گەك تەجرىبىسى بىلەن كۈرەش ھەركەتلىرىنى ئىپادىلىدى.

ماقال - تەمسىللەر، جۈملىدىن ئىدىيوم سۆزلەر ئوخشاشلا فىرازېئولوگىيىلىك (ئۆرپ -
ئادەت سۆزلىرى) سۆزلەر قاتارىدا كىرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە
خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ماقال خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرى-
بىلىرىنى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبى-
رەت بولىدىغان شېئىرى ئاھاڭداشلىق پورمىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەردۇر. ماقالنىڭ مەزمۇنى-
دا پىكىرنىڭ تۈگىنى، ئومۇمى يەكۈنى بولىدۇ.

△ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە،

△ بىرلەشكەن ئۇزار، بىرلەشمىگەن توزار.

△ ئىلىملىك نۇر، ئىلىمسىز — خور.

△ ئەلنىڭ قولىغى ئەللىك.

△ ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا. قاتارلىقلار خاس مەنالىق ماقاللاردىن ئىبارەت.

تەمسىل بولسا، ھاياتتىكى بىرەر ھادىسىنى ئىنىق ۋە ئوبرۇزلۇق گەۋدىلەندۈرۈپ
بېرىدىغان قىياپىي ئىبارىدۇر، يەنى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ
ياخشى - يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتى بىلەن تەقاس قىلىن-
غان (سېلىشتۇرۇلغان) كۆچمە مەنىدىكى تەسۋىرى سۆزلەر تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.
تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىدىن پىكىرنىڭ ئومۇمى خۇلاسىسى، يەكۈنى ئاڭلىنىلمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەجرىبە - ساۋاق، ئۈلگە ياكى ئىبرەتلىك مەنا بولمايدۇ.

مەسىلەن:

— موزاينىڭ يۈگرىشى سامانلىققىچە.

— پايپاقتا ناھال قاققاندەك.

— قاغىلار قاق ئىتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى شات ئېتىدۇ.

— قاغا بالام ئاپپاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام.

— توشۇك يېرىتتىن كۆلەر.

— چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرىقىنى چىشلەر.

— ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن تۆلكە تورگە چىقىۋاپتۇ.

— مۈشۈكنى ھارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ.

— توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۈشكە جاڭگال.
— ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق.
— ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ.
— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دېگەنلەرگە ئوخشاش. قىسقىسى، ماقالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلسە، تەمسىلدە ئۇنىڭ ئىشارىسى بېرىلىدۇ، يەنى ئوخشىتىش، سوئال، سېلىشتۇرۇش، تەقلىت قاتارلىق بەدىئىي تەسۋىرى ۋاستىلار ئارقىلىق دېمەكچى بولغان پىكىر ئىشارە قىلىنىدۇ.

ئادەتتە، جانلىق تىلدا بەزىدە، ماقالنى تەمسىل ئورنىدا، يەنە بەزىدە تەمسىلنى ماقال ئورنىدا ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن.

مەسىلەن: «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەن تەمسىل ئۆزىنى تەكەببۇر تۇتىدىغان، مەنسەپ-مەرتىۋىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا مەنمەنلىكىدىن قالمىغان، ھالىغا باقماي ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقۇرى تۇتىدىغان ئادەمنىڭ قىياپى تەسۋىرى. ئەمما بىز بۇ تەمسىلنى «ئاتتىن چۈشسەڭ ئۈزەڭگىدىنمۇ چۈشسەن» دەپ ئىشلەتسەك، ئۇ ھالدا ماقالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا باشقىلارغا ئىبرەت-ساۋاق بېرىلىدىغان تولۇق ئاياقلاشقان پىكىر بار.

يەنە بىر تەرەپتىن ماقال شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ماقال خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ماقال ئىپادىلەيدىغان پىكىر، مۇلاھىزە، ئادەتتە تۇرمۇشتا كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنىڭ قىسقىچە ۋە ئېنىق خۇلاسىسى. بۇ خۇلاسە نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا ئەۋلاتلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ سىنالغان، مۇكەممەللەشكەن. شۇڭلاشقا ماقالدا ئېيتىلغان پىكىرنى ئىنكار قىلىش ئاسانغىچە مۇمكىن ئەمەس، ماقالنى كىشىلەر تۇرمۇش ساۋىقى سۈپىتىدە قەدىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كەڭ كولەملىك پايدىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئەمەل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك ئىنتايىن باي ۋە خىلمۇ-خىلدۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ، تا ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە بولغان بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەمگەك ۋە ئەمگەك سۆيۈش، كوللىكتىپ ۋە كوللىكتىۋىزىملىق، سىنىپ ۋە سىنىپلار مۇناسىۋىتى، ئىتتىپاقلىق، ئۇملۇك ۋە يەككىلىك، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، باتۇرلۇق ۋە قورقانچاقلىق، ئىلىم-پەن، ھۈنەر-كەسىپ، ۋاقىت-مەزگىل ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئەقىل-ئىدىرەك، كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق، دانالىق ۋە نادانلىق، مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق، سەممىيەتلىك، دوستلۇق، يولداشلىق، ئىقتىسات ۋە ئىقتىساتچانلىق، ئارزۇ-ئۈمىت ۋە ئىشەنچ، ياشلىق ۋە قېرىلىق، تازىلىق ۋە ساغلاملىق، كېسەللىك ۋە ئولۇم-يېتىم، ھوشيارلىق ۋە ئېھتىيات-

چانلىق، بىخىللىق ۋە ئاچكوزلۇك، مىجەز، خۇلق ۋە پەزىلەت، ئائىلە-تۇرمۇش، تاماق ۋە يىمەك-ئىچمەك، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، سودا-سېتىق ۋە ئىلىم-بىلىم، ئېتىقات ۋە ئىشەنچ، پەندە-نەسىھەت ... قاتارلىق كەڭ تىماتىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ماقال-تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتىن روشەن سىنىپى خاھىشقا ئىگە بولغاچقا، ئۇتتۇ-مۇش كونا جەمئىيەتتە ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغۇچى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئىدىئولوگىيە-سى بەزى ماقال-تەمسىللەردە ئىنكاس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پەسكەش روھى دۇنياسىنى، ئىدىيالىستىك پىكىر-ئېڭىنى ئىپادىلىگەن:

△ ئېرىقنىڭ يېنىنى ئال، چاكارنىڭ چىنىنى (ئال)

△ قۇم يىغىلىپ تاش بولماس، قول يىغىلىپ باش (بولماس)

△ ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

△ خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا قاتارلىق ئوروقچىلىق، قۇللۇق، فېئوداللىق خۇراپى ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقال-تەمسىللەرنى ئەمگەكچى خەلق-نىڭ ئىلغار قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن ماقال-تەمسىللەردىن پەرقلەندۇرۇشىمىز كېرەك.

لېكىن مۇنداق ماقال-تەمسىللەرنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈن-كى ئۇنىڭدىن فېئودال ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتا سەلبى ما-تېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ شەكلى ۋە پۇئېتىك خۇسۇسىيەتلىرى { خەلق ماقال-تەمسىللىرى قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتە-تەمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىز ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى كورۇپ باقايلى: ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىكى خىلمۇ-خىللىقى بىلەن ئوخشىمىغان مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) بەزى ماقاللار پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا ئىشلىتىلسە، يەنە بەزى ماقال-تەمسىللەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ:

△ تەن ساقلىق — پادىشالىق

△ ئادەمنىڭ تەمى سوز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

△ مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ، يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ.

△ پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن.

△ ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ.
ھورۇن خوتۇن ۋاخچە تۇرۇپ كولۇگىنى كولايدۇ.

△ يەر تويمىغىچە ئەر تويماس، قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر پەقەت ئۆز مەنىسى-دىلا قوللىنىلۇپ، ئۆز مەنىسىدىن باشقا نەرسىلەرگە تەدبىق قىلىنغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن.

ئەكسىچە:

(2 — ئىككى ئات تېپىشسە ئارىدا قالغان ئىشەككە زىيان.

— چوموله بىرلەشسە شىرنىڭمۇ تېرىسىنى شىلىۋالىدۇ.
— ئۆز يېرىدە قوزغۇنەك ھەم غاز ئالار ھەم ئۇدەك،
كىشى يېرىدە بوز لاچىن نە غاز ئالسۇن نە ئۇدەك.
— ئېتى ئۇلۇق سوپىرىسى قۇرۇق.
— ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدۇ.
— ھەسىنىڭكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق.
— قول - قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار.
— بۇغدايىنىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.
— ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر.
— ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ... قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر گەرچە ئەينى مەزگىللەردە بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسىگە ئاساسلانغان ھالدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ھازىر پەقەت كوچمە مەنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇدۇل مەنىسى بويىچە تۇرمۇشتا تەدبىقلىغاندا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەقلىيە تۈسى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى مەنتىقلىق پىكىر پەقەت ئۇ قارىتىلغان ھادىسە ۋە شەيئىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

يەنە بەزى ماقاللار باركى، ئۇلار ھەم كوچمە مەنىسىدە ھەم ئۆز مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

— ياخشى ئاتقا بىر قامچا يامان ئاتقا يۈز قامچا.
— سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ.
— ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر.
— پاختا ئىچىگە كىرىۋالغان تىكەن قولغا بەك سانچىلىدۇ.
— پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمايدۇ.

مۇنداق ماقاللارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە شارا- ئىتىگە قاراپ ئايرىپ ئېلىش كېرەك. چۈنكى يۇقۇرقى ماقاللار بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇدۇل مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائى تۈس ئالغاندا، ئۆز مەنىسىدىن باشقا كوچمە مەنادىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق ماقاللار مەنا جەھەتتىن مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس.

(4) ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە، مۇنداق شەكىلدىكى ماقاللارمۇ باركى، بەزىلىرى- نىڭ مەناسىنى يەككە ھالەتتە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئۇ مەلۇم كونكىرىت ئو- بېكتقا قارىتىپ ئېيتىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ بەلگىلىك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادى- لەنگەن مەنا كوپۇنچە شۇ ماقال ياكى تەمسىل قارىتىلغان ئوبېكتقا تامامەن ئەكسىچە تەئەددى قىلىش، زەردە قىلىش، تەنە قىلىش يولى بىلەن يەتكۈزىلىدۇ. بۇنداق ماقال-

تەمسىللەرنى ھەجۋى مەنىدە قوللىنىلىدىغان ئاللىگورىيىلىك ماقال - تەمسىللەر دەپ ئاتاش مۇمكىن؛

△ ياز بولسا قىش بولمىسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا،

△ ئېتىڭ ھارسا دوڭگە چاپ.

△ ئۇسسىساڭ تالقان كاپ ئەت.

△ مۇزلىساڭ مۇز يە

△ ئالسام بەرمىسەم.

△ ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش ... قاتارلىق ماقال - تەمسىللەرنى ئۇدۇل ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ پىكىر مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت بەلگىلىك ھادىسە ۋە نەرسىلەرگە تەدبىقلانغاندىلا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەپ، پەندە - نەسىھەت مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر بەدىئى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلارغا تايىنىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشۇتۇش، سىمۋول، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق تەسۋىرى ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پىكىر مەزمۇنغا بەدىئى كۈچ بېغىشلايدۇ.

△ قىشنىڭ گۈلى — ئوت.

△ بىر قالىغاچ كەلمەك بىلەن باھار بولماس.

△ يالغان گەپنىڭ ئات ئىگىرى توقۇغلۇق.

△ ئىشقى يوق ئىشەك، دەردى يوق كىسەك.

△ باللىق ئوي بازار، بالىسىز ئوي مازار.

△ قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ.

قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر قويۇق تەسۋىرى ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر مەنتىقىلىق مەنىگە ئىگە بولغان.

ماقال - تەمسىللەر دائىملىق تۇردە تۇرمۇشقا زىچ تەدبىقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كىشىلەر پايدىلانغاندا، كوڭلىدىكى پىكىرنى ئىپادىلەش مەقسىدىدە لازىم تېپىلغاندا ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنى قىسمەن ئوزگەرتىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. «ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس» دىگەن تەمسىلنى بەزى ھاللاردا «ئاچنىڭ دەردىنى توق نەدىن بىلسۇن» دەپ ئوزلەشتۇرمە گەپكە ئايلاندۇرۇپ قوللۇنۇش مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال بولۇپمۇ شېئىرلاردا كوپ ئۇچرايدۇ. شېئىرلاردا ماقال - تەمسىللەر نەقىل قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئەسلى پورمىسى بۇزۇلۇپ، ماقالدىكى سوزلەرنىڭ ئوزئارا ئورۇن ئالمىشىپ كېتىشىدەك ئەھۋاللا يۈز بېرىدۇ؛

قولۇم قامچا پۇتۇم ئاتتى ئۇكا بىر چاغلار،

ماگالمايمەن قېنى ھازىر ئىشەنگەن تاغلار، دىگەن شېئىرى پارچىدا «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دىگەن ماقالنىڭ بىر بولىگى ئوزلەشتۇرۇپ ئېلىنغان.

ئۆزگى يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەلىردم،
ئۆز ئىلىمدە يايرىغاي كېيسەم كولاھۇ - جەندە مەن.

× × × ×

قۇتىردى ھەدەپ شاپاشلاپ، ھورپىيىپ دەھشەت سىلىپ،
دېيىشىپ: «بازار شۇنىڭ كىم ماڭسا چاققان ئالدىدا».

(ت. ئېلىيوپ)

بۇ ئىككى پارچىنىڭ بىرىنچىسىدە «كىشى يۇرتىدا سولتان بولغىچە، ئۆز يۇر-تۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دىگەن ماقال، ئىككىنچىسىدە «بازار چاققانىنىڭ» دىگەن تەمسىل شېئى-رى پورمىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكلىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە خىل ۋارىيانتلىرى پەيدا بولغان.

1- تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بوز خالتاڭنى قويۇپ بار.
2- تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ بار.
3- تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.
4- تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋا - تۇقا كېيىپ بار.

يۇقۇرىدىكى مىسالدا بىر ماقالنىڭ 4 خىل ۋارىيانتى كورسىتىلگەن. ئۇنىڭ بىرىن-چى بولىگى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئىككىنچى بولىگى مەلۇم ئوزگىرىش ياسىغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ماقال - تەمسىللەر ئېغىزدىن — ئېغىزغا كوچۇش جەريانىدا تۈر-لۈك ئىجتىمائى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى ۋە تەج-رىبە - ساۋاقلىرىنى سىڭدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى جاي-لارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئورپ - ئادىتى ۋە تىل شىۋىلىرى ئاز - تولا پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەزمۇندىكى ماقال، باشقىچە سوز - ئاتالغۇلار بىلەن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

1- ھەسەلنى كوپ يىسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ.
2- ھالۋىنى كوپ يىسەڭ زاڭ تېتىيدۇ.
1- سادىن نار چىقىپتۇ.
2- سادىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ.

1- بىلىملىك ئوزار،
بىلىمسىز توزار
2- بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى،
3- بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ،
بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ.
4. بىلىملىك — نۇر
بىلىمسىز — خور.
1. قورققان يەردە جىن بار،
2- قورققانغا قوش كورىنەر
كولەڭگىسى بەش كورۈنەر.

1- ئەقىل بولمىسا كوز تام توشىگى
2- كوڭۈل بىلەن قارىمىساڭ كوز تام توشىگى.
1. سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا،
2- سەن سالا، مەن سالا ئاشقا پۇرچاقنى كىم سالا

يۇقۇرقىدەك سەۋەپلەر بىلەن ئوزگۇرۇپ، تۇرلۇك شەكىل ئالغان ماقال-تەمسىللەر خىلى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىرى ئاساس، قالغان خىللىرى ۋارىيانت بولىدۇ. ۋارىيانت-لار مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، ئورۇن ۋە پەيتكە قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

(7) يەنە شۇنداق ماقال-تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدىكى، دىمەكچى بولغان بىر خىل مەقسەت قارىمۇ-قارشى مەزمۇندا تۈزۈلگەن بولىدۇ.

مەسىلەن:

1. ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما،
2- ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن.
3- چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ.
4- بىر چوڭنىڭ گىپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ.
5- بورە قېرىسىنى ئالدايدۇ.
6- كوپ قېرىنىڭ ئىچىدە بىر بالا بولسا دانا بولار،
كوپ بالا ئىچىدە بىر قېرى بولسا، بالا بولار.

1. قىرق ھونەر ھونەر ئەمەس،
ئەسلى ھونەر — چويلىچىلىق.
2- ئەركىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھونەرمۇ ئاز

1. گەپكە كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما.

2. ئاغزىمغا كەلدى دەپ دىمە.

ئالدىمغا كەلدى دەپ يىمە،

ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىدىكى مۇنداق قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بولۇشى ھەرقانداق ھادىسە ۋە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر مەسىلىنىڭ قايسى تەرىپىگە دۇچ كەلسە شۇ توغرىدا تەجرىبە ھاسىل قىلغان ۋە شۇنىڭغا ماس ماقال - تەمسىللەرنى ئىجات ئەتكەن.

(8) ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى كوپۇنچە ئىككى بولەكتىن تۈزۈلىدۇ. ھەر - بىر بولىگى بىر - بىرىگە بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە يېقىن تۇرغان نەرسە ياكى ھادىسەلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ. مۇنداق ماقاللارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئىككى بولەكنى بىردەك تولۇق ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن، ياكى بىر بولىگىنىلا ئېلىپ ياردەمچى مەنا بىلدۈرىدىغان بولىگىنى قالدۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن؛ مەسىلەن

— يامانغا ياغ ياراشماس، ئوشكىگە يۇمغاقسۇت،

— دوست سوزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

— ئىككى ياخشى ئىچىدە قىل ئۈزۈلمەس،

تومۇر زەنجىرنى ئۈزىدۇ ئىككى يىلمەس.

— تاما - تاما كول بولار، تاماي قالسا چول بولار

— ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى.

— تەڭ يىگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يىگەن يەرگە (سىڭەر)

— يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس،

چىڭى چىقسىمۇ دىڭى چىقماس.

ئىككى بولەكتىن تۈزۈلگەن بۇنداق ماقاللارنىڭ بىرسى ئاساسى بولەك بولۇپ، ئىككىنچىسى ئەشۇ بولەكنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش، جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاساسى بولىگىنى ئىشلەتسىمۇ شۇ ماقالنىڭ ئومۇمى مەنىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

— باللىق ئوي — بازار،

باللىسىز ئوي — مازار.

— يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار،

خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار.

— ئوزەڭنى مەھكەم تۇت، خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

— ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش،

ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتلاپ باش. قاتارلىق ماقاللارمۇ ئىككى بولەكتىن

تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەربىر بولىگى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە. لېكىن ماقال سۆپىتىدە ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ بىر بولىگىنى ئىشلىتىپ يەنە بىر بولىگىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ماقاللىق تۈسى ئۆزگۈرۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىككى بولەكتىن تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئورۇن - تەرتىۋى ھەممە ۋاقىت تۇراقلىق بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى پات - پات ئورۇن ئالمىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق ھالدا ئىمكانىيەت بار سىنتاكسىسلىق قانۇنىيەت بويىچە ئىگە ۋە خەۋەر شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۈزەش لازىم. چۈنكى ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتىن 1 - بولىگىدە شەرت - شارائىت بېرىلسە، ئىككىنچى بولىگىدە نەتىجە ۋە خۇلاسە بېرىلىدۇ، يەنى بىرىنچىسى ئىگە، ئىككىنچىسى خەۋەر ھالىتىدە تۈزىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن نىسبى مۇقىملىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرلىكتە، جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق يېڭى ماقال - تەمسىللەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ رولىنى يوقۇتۇپ ئاستا - ئاستا ئىشلىتىلىشتىن قالىدۇ، يەنە بەزىلىرى گەرچە پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىشتىن قالمىسىمۇ، يېڭى مەنا، مەزمۇنغا ئىگە بولغان ھالدا قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ ئۆزلۈكسىز بېيىپ بارىدۇ.

— كۆرەش قېيىن، غەلىبە شىرىن.
— ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق
پۇخرا ياقالامىدۇ چىراق.
— خەلق قوزغالسا تومۇر مۇنارمۇ گۇم بولىدۇ.
— كىشىنىڭ نامىنى يەپ تىلىنىڭ قىسقىرىدۇ.
كىشىنىڭ سوغىسىنى ئېلىپ قولۇڭ قىسقىرىدۇ.
— سويگىن ئاما ئىشىنى، مەھكەم تۇتقىن پىشىنى.
— كادىر بولساڭ سىلىق بول،
سۇغا چۈشكەن بېلىق بول.
— ياندا قويساڭ ئوتتۇز تەڭگە توققۇز بولار،
بانكىغا قويساڭ توققۇز تەڭگە ئوتتۇز بولار.

قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر بۈگۈنكى دەۋر روھىغا ماس ھالدا يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئارىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە باشقا ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە ماقال - تەمسىللەرمۇ تەبىي ھالدا ئۆز ئارا سىڭىشىدۇ. بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن شەكىللەنگەن قويۇق مىللى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق نەتىجىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ خېلى كوپ ماقال - تەمسىللىرى خەلقىمىز ئارىسىغا سىڭىشىپ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا كەڭرى پايدىلىنىلماقتا. مەسىلەن:

— دەرەخ يىقىلسا مايمۇن توزۇپتۇ.

— ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ.

— دەرت تېغى ئاستىدا ئويغۇنۇپ پارتلىمساڭ، ئاخىرى يەنچىلىپ ئۆلىسەن.

— ۋەتەنسىز كىشى ـ ناخشىسىز بۇلبۇل.

— ئاغزىڭ قانغا تولسىمۇ، دۈشمىنىڭ ئالدىدا تۈكۈرمە.

— ئاۋايلاپ ئۇچمىغان قۇش قانىتىدىن ئايرىلىدۇ.

— ئاغمىخاننىڭ توخۇنى ھېيتلىشىدا ياخشى نىيەت يوق.

— كۈرەش قۇربانسىز بولماس، كۈرەشسىز ئازاتلىق بولماس.

— بورە يۇڭىنى پاخپايتىپ ئوغرۇلۇقىنى بىلدۈرمەس.

— بورىنىڭ قوي يېيىشى قوينىڭ گۇناكارلىقىدىن ئەمەس.

— دۇنيادا ھوشيارلىقتىن ئارتۇق چىگرا يوق.

قاتارلىق كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەر تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار تەدرىجى ھالدا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى ۋە ئايلانماقتا. يەنە بىرمۇنچە ماقال ـ تەمسىللەر باركى، ئۇلار قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق. شۇڭا تۇرمۇشقا ئۇزلۇشۇپ كەتكەن ئۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنى ئېيتىشتا جەھەتتىن «سېنىڭ»، «مېنىڭ» دەپ ئايرىش ھاجەتسىز.

خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مۇستەھكەم ۋە تۇراقلىق شېئىرى ئاھاڭغا ئىگە بولغانلىقىدۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە تۇراق، ۋەزىن قاپىيە بولىدۇ. ماقال ـ لاردىكى قاپىيە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاياق قاپىيە، ئىچ قاپىيە ۋە باش قاپىيە شەكىللىرىدە كېلىدۇ.

(1) ئاياق قاپىيە — ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماقالنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۆز ئارا قاپىيىلىشىپ كەلگەن بولىدۇ؛

△ تايىنى باقساڭ ئات بولار

بورىنى باقساڭ يات بولار

△ يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن

قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن

△ بىر تال باش

بىر قوشۇق ئاش

(2) ئىچ قاپىيە؛

△ ئىش قورالىڭ ساز بولسا

مۇشەققەتنىڭ ئاز بولار

△ ئاتاڭ كوكبېشى بولغىچە

ئويۇڭ سۇ بېشى بولسۇن.

△ تەربىيە باشتا قاتتىق بولسا

ئاخىرى تاتلىق بولار

(3) باش قاپىيە ــ ماقال ـ تەمسىللەردە كوپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تەگداش ئىككى بولەكنىڭ بېشىدىكى سوز ياكى بوغۇملارنىڭ ئوز ئارا ئاھاڭ-داشلىقى ئاساس قىلىنىدۇ.

△ ئىشى يوقنىڭ

ئېشى يوق.

△ مېھنەتتىن قاچما

مىننەتتىن قاچ.

△ ئويناپ سوزلىسەڭمۇ

ئويلاپ سوزلە.

△ ئارمان كوپ

دەرمان يوق.

يوقۇرقى ئۈچ خىل قاپىيە شەكلى ئايرىم قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، بەزىدە بىر-لىكتە قوللىنىلىدۇ:

(1) باش ئاياق قاپىيە:

△ پىلانسىز ئىش

قېلىپسىز قىش.

△ بىزنىڭكىگە كەلسە يەپلا

مېنىڭكىگە بارسا گەپلا.

△ ئىشلەپ يىگەن لەززەتلىك

تىلەپ يىگەن مىننەتلىك.

(2) باش ـ ئىچ قاپىيە:

△ ئوغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغىچە

ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

△ ئەلدە ئابرويۇڭ بولسا

چولدە يۇكۇڭ قالماس.

△ پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما

ئىشىڭنىڭ پۇتكىنىگە قارا.

(3) ئىچ - ئاياق قاپىيە:

△ دۇشمەن سىرىڭنى ئوغۇرلايدۇ

دوست خاتايىڭنى توغۇرلايدۇ.

△ دوست سوزىنى تاشلىما

تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

△ قولى گۇل ئېتىدۇ غىزا

قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

(4) باش - ئىچ - ئاياق قاپىيە:

△ ئېگىلگەنگە ئېگىلگەن بېشىڭ يەرگە تەككىچە

كېرىلگەنگە كېرىلگەن بېشىڭ كوككە يەتكىچە.

يەنە بەزى ماقال - تەمسىللەر باركى؛ ئۇلار ۋەزىن، رىتىم، قاپىيە جەھەتلەردىن خەلق قوشاقلىرىدەك مۇكەممەل تۇسكە كىرگەن بولۇپ، ئۇلارنى ھىكمەتلىك قوشاقلار دەپ ئاتاش مۇمكىن؛

سۇفا سالسام سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۇلنى.

× ×

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى تارتمىغان ئاشىق، ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

× ×

ئوتمە نامەرت كوبرىگىدىن،
سەل سېنى ئاقتۇرسىمۇ.
ئىچمە نامەرت ئاشىنى،
ئاشلىق سېنى ئولتۇرسىمۇ.

× ×

كىم يامانلىق ئويلىسا،
تاپماس يامانلىقتىن ئامان.
شۇ ياماننىڭ ئاپىتى،
يانغاي ئۆزىگە شۇ زامان.

× ×

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گوھەرنى ئالغىچە تاشتىن،
نى سەۋدا ئوتىدۇ باشتىن.

مۇنداق شېئىرى ماقالىلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەتتا ئاھاڭغا سېلىنىپ، خەلق ناخشىلىرىغا ئايلانغان.

ئومۇمەن، خەلق ماقال - تەمسىللىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس. ئۇ گويا ئۆز باغرىدا مول بايلىق ساقلاپ ياتقان كانغا ۋە تىنىمسىز بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا ئوخشاش ئەدەبىي تىلىمىزغا ئۈزلۈكسىز ھاياتىي كۈچ ۋە مەنا بېغىشلاپ تۇرىدۇ. خەلق تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى سۈپىتىدە خەلق ئاممىسىنى مول ئىجتىمائىي بىلىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتىنى تەمىنلەيدۇ، مىللىي ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، ئەمگەكچى خەلق دانالىقىنى نامايىش قىلىدۇ.

# 10 - باپ

## تېپىشماقلار

تېپىشماقلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ شەكىل جەھەتتىن قىسقا ۋە ئىخچام بولۇپ، شەكىل قۇرۇلۇشى ماقال-تەمسىللەرگە يېقىنراق كېلىدۇ. لېكىن مەنا جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ.

«تېپىشماق» سۆزى «تاپ» بۇيرۇق پېئىلىغا «ئىش-ماق» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئادەتتە «تېپىش»، «ئويلاش»، «ئىزلەش» مەنىسىنى بېرىدۇ.

تېپىشماقلارنىڭ ئۇسلۇبى مېتافورا (ئىستىئارا)، كىنايە يولى بىلەن سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىپ، يوشۇرۇلغان نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرىگە ئىمكىنىچە بىر نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى قىياسلاش، ئىما-ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تېپىشماقلارنىڭ شۇ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل تېپىشماق «ناھايىتى مۇكەممەل مېتافورا تۈزۈش يولى» دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى.

تېپىشماق ئېيتىش قەدىمقى زامانلاردىن باشلاپ، تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتلىرى، دۇنيا قاراشلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن باغلىق بولغان. رۇس خەلقى ئارىسىدا دېكابىر، يانۋار، ئايلىرىدا، تۈركمەنلەردە نوۋرۇز بايرىمى ئاخشاملىرىدا تېپىشماق ئېيتىش رەسمىلىشىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا قارىساق، بەزى شېئىرلارنىڭ مۇئەممما (تېپىشماق شەكلىدە) يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مۇنداق مۇئەممما شەكلىدىكى پارچىلار بەزى خەلق داستانلىرى ۋە ھېكايىلىرىغىمۇ سىڭىشىپ كەتكەن. «غېرىپ-سەنەم» داستانىدا خىزىر بىلەن غېرىپنىڭ ئۆز ئارا سوئال-جاۋاپلىق ناخشىلىرى ماھىيەتتە تېپىشماقتىن ئىبارەت. شۇنداقلا خەلق قىسسىسى «تۇتىنامە» ناملىق ئەسەردە تۇتى مۇنداق بىر مۇئەممما ئارقىلىق سودىگەرنىڭ ئەقلىنى سىنايدۇ:

جېنى يوق بىر جانىۋار ئۇچقاي ھاۋادا
بولمىغاي ئات-توگە، پېلىدىن ئۇل ياۋا.
يېغى يىغلايدۇ ئۇنىڭ يوقتۇر كۆزى،

سوز قىلىدۇ تىلى يوق باردۇر ئۆزى
ئول ئاجايىپ ئويۇنغايكىم جانى يوق،
خوش ئاجايىپ كۈلگۈسىدۇر ئاغزى يوق.

بۇ نىمە؟

سودىگەر كوپ ئويلاپ جاۋاپ بېرەلمىگەندە، تۇتى ئۇنىڭ «بۇلۇت» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ هال تېپىشماقلار قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىي، هاياتىدا مۇهىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تېپىشماقلاردا سوئال تەرزىدە ئېيتىلىدىغان پىكىرلەر مەلۇم بىر بەدىئىي شەكىلگە چۈشكەن بولىدۇ. ئۇلار خۇددى ماقاللارغا ئوخشاش ئىخچام، تەسىرچان پورمىدا يارىتىلىدۇ ۋە شەكىل جەهەتتىن نەسرىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ.

تېپىشماقلار هەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاهىدىلىكىگە ئەگىشىپ ئىجادى هالدا بېيىپ ماڭىدۇ ۋە يېڭى-يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. ئومۇمى مەنىدىن ئېيتقاندا تېپىشماقلارنىڭ ئىجاتچىسى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى، بۇندىن تاشقىرى خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئەدىپلەرمۇ يېڭى شەيئىلەرگە ماس هالدا كۆپلىگەن تېپىشماقلارنى ئىجات قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق تېپىشماقلار ئۈزلۈكسىز بېيىغان.

تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائىي رولى زور، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق كىشىلەر بىر-بىرسىنىڭ زېهنى قۇۋۋىتىنى سىنايدۇ، ئوزلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئوستۇرىدۇ، ئەقىل-ئىدرەك ۋە پەم-پاراسىتىنى يېتىلدۇرىدۇ. چۈنكى تېپىشماقلار بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پىكىر يوشۇرۇنچە ئىپادىلىنىدۇ. تېپىشماقلارنىڭ سوئال ۋە جاۋابىنى ئىچكى مەنتىقى قىياسلاش باشقۇرۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەبىئىي هالدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغاتقۇچى ئامىل بولىدۇ. مۇشۇنداق ئالاهىدىلىكى بىلەن بولۇپمۇ ئۇ، باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇهىم بىر تەركىۋى قىسمى هىساپلىنىدۇ.

ئادەتتە ئوسمۇرلەرنى تەربىيىلەشنىڭ ۋاستىلىرى هەر خىل بولىدۇ، باللارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى يېتىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىلىم-پەننىڭ ئىختىدارلىق خادىملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقىشنىڭ ئامىللىرى هەر خىل بولۇپ، ئەنە شۇ ئامىللار ئىچىدە تېپىشماقلارمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. چۈنكى ياش ئوسمۇرلەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرى ۋە ئالاهىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تېپىشماق ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا ئالاهىدە قىزىقىدۇ. ئۇ ئادەتتە، ئوبرازلىق هەم مۇزىكىلىق سېزىمگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىلى ناهايىتى راۋان ۋە ئاددى بولۇپ، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولغان جانلىق ئوبراز قىياپى هالدا سورەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن 4-5 ياشلىق باللارمۇ بىرەر تېپىشماق ئاڭلىشى بىلەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن سەبىلەرچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تېپىشماقلار ئەڭ كەڭ ئامىۋىللىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئىجادىيەت هىساپلىنىدۇ.

تېپىشماقلار يالغۇز كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە زېھنى قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرۈپ، پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىن تاشقىرى ئۆزىدىكى جانلىق قىياپى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە ماددىي دۇنياغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە سىياسىي خاھىش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكىدەك روشەن ۋە كۈچلۈك خاراكتېر ئالغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس دەرىجىدە ئىدىيىۋى خاھىش ئەكس ئېتىلىدۇ. تېپىشماقلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنە ئاساسىغا قارىغاندا، تاپماقچى بولغان تەسۋىرى ئوبرازنىڭ ئارقىسىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ روشەن ھاياتىمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا تېپىشماقلارنىمۇ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سەنئەتنىڭ بىر تۈرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، تېپىشماقلارمۇ كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن تارتىپ، تەبىئەت ئالىمىدىكى ماددىي نەرسىلەرگىچە، دېڭىز-ئوكياندىن تارتىپ، تاغ-دەريالارغىچە، ئاسماندىن تارتىپ يەر-زېمىنغىچە، ئۇسۇملۇك، دەل-دەرەخلەردىن تارتىپ، ھايۋانات دۇنياسىغىچە، تۇرمۇش لازىمەتلىرىدىن تارتىپ، يېمەك-ئىچمەك بويۇملىرىغىچە، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تارتىپ، ماددىي مەنىۋى مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىگىچە... تەرىپلەيدۇ. بۇ نەرسىلەردىن تېپىشماق تۈزگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىرەر كونكرېت خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا كىشىلەردە ئەشۇ شەيئىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: «بىر ئۆزى مىڭ كۆزى» دېگەن تېپىشماقتا غەلۋىرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى قىياسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «بېشى يوغان قاپاقتەك، پۇتى ئىنچىكە ساپاقتەك، ئۈچەيى قوسىقىنىڭ ئېچىدا، قۇلىقى پۇتىنىڭ ئۇچىدا» دېگەن تېپىشماقتا دۇتتارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان ھالدا جانسىز نەرسىنى جانلىقلاشتۇرغان ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دۇتتاردىن ئىبارەت كونكرېت نەرسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنىڭدىكى قىياسەن ئوخشۇتۇشلار دۇتتارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا خەلق تېپىشماقلىرى نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىنى ۋە كېلىپ چىقىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، جانلىق نەرسىلەرنى جانسىز نەرسىلەرگە، جانسىز نەرسىلەرنى جانلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەردە گۈزەل ئوبرازى تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: «بىر تۈپ دەرەخ، ئون ئىككى شاخ، ئوتتۇز يوپۇرماق، بىر يۈزى قارا، بىر يۈزى ئاق» دېگەن تېپىشماقنى ئالايلى، ئۇنىڭدا يىل، ئاي، كۈن كېچە ۋە كۈندۈزدىن ئىبارەت ئابستراكت تەبىئەت ھادىسىسى ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا كونكرېت ۋە ھېسسىي ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

ئومۇمەن تېپىشماقلاردىكى ئوبراز ۋە مېتافورىلار كۈندۈلۈك تۇرمۇش تەجرى-

ئىسمىدىن ئېلىنىدۇ؛ يۇلتۇزنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىياسەن «ئوق» ۋە باشقا مېتافورىنى ئېلىش مۇمكىن؛ «ساندۇغۇمدا جىق ئوق، ئەتىسى قوپسام بىرىمۇ يوق» دېگەنگە ئوخشاش. ناۋادا شەيئىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئىگەل-لەنمىسە، تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىشماقلار-نىڭ ئىجاتچىلىرى تۇرمۇش ئاساسىغا پۇختا بولۇشى، ئىجتىمائىي رىئاللىقنىڭ بەلگىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگەللەشكە ماھىر بولۇشى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىختىدارىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئوبيېكتىپ رىئاللىق ئىچىدىن تۈرلۈك-تۈمەن تېپىشماق-لارنى تۈزگىلى بولىدۇ.

تېپىشماقتىكى مەۋھۇم نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشۇتۇلغاندا، ئىمكان قەدەر مەز-مۇن جەھەتتىن يېقىنراق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. خەلق تېپىشماقلىرىدا بۇ نۇق-تىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلگەن. مەسىلەن: «بىر ئويگە كىرسەم بىلى باغلاقلىق بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ» دېگەن بۇ تېپىشماقتا سۈپۈرگىنى قىزغا ئوخشاتقان. ئوبيېكتىپ جەھەت-تىن گەرچە «قىز» سۈپۈرگىگە تەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئىجابىي تەرەپتىن سۈپۈرگە بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق مەزمۇن باغلىنىشى بار. شۇڭلاشقا ھاياتتىكى ئورنىغا قاراپ تۇرۇپ بۇ تېپىشماققا سۈپۈرگە دەپ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئۆزگىرىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى تونۇش ۋە چۈشۈنۈش تەجرىبىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇ ھال يېڭى تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان يېڭى شەيئىلەر ھامان تېپىشماقلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن؛ رادىئو، پاتېفون، ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوت، كومبايىن، ئېلېكتىر، سائەت ... قاتارلىقلار يېقىنقى دەۋرلەر-نىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ تېپىشماقلاردا ئەكس ئەتتى؛

يۇلتۇزمىكىن دېمەڭلار،
يىراق ئەمەس يۇلتۇزدەك.
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچسا،
كېچە بولار كۈندۈزدەك؛
(ئېلېكتىر چىراق)

گاھ ئۆستەلدە گاھ تامدا،
گاھ بىلەكتە، گاھ ياندا.
چېكىلدايدۇ يېقىملىق،
كېرەك ئۇ ھەر قاچاندا.
(سائەت)

ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى پەيدا بولغان مۇنداق تېپىشماقلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن

تېخىمۇ سىلىقلىنىپ، بەدىئىي قۇرۇلۇش جەھەتتىن مۇكەممەل شېئىرى شەكىلگە كىرمەكتە.

تېپىشماقلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى — تېپىشماقلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەزەن نەسرى كۆپىنچە ھاللاردا شېئىرى شەكىلدە بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم مۇزىكىلىق سېزىم بولىدۇ، يەنى ئۇ، تۇراق، ۋەزىن، قاپىيىگە ئوخشاش شېئىرى شەكىل تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىنغان؛

تۇت ئاياقلىق
(ئات)
تۆمۈر تۇياقلىق

ھەتتا بەزى تېپىشماقلارنىڭ سوئال - جاۋاپلىرى ئوخشاشلا شېئىرى شەكىلدە تۈزۈلۈپ، بىر قانچە نەرسىلەر بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

قومۇش ئۇچى قالتىراق، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم،
يىگنە ئۇچى يالتىراق، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم.
سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم،
تاقۇر - تۇقۇر تەختىۋان، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم،
ئىچىدىكى مېھرىبان، ئۇنى تېپىڭ دىلبىرىم.

جاۋاپ:

قومۇش ئۇچى قالتىراق — شامال دىگەن ئەمەسمۇ،
يىگنە ئۇچى يالتىراق — ئوت دىگىنى ئەمەسمۇ،
سېسىق كۆلدە ئىت يۈرەر — سۇ پاقىسى ئەمەسمۇ،
تاقىر - تۇقۇر تەختىۋان - بۆشۈك دىگەن ئەمەسمۇ،
ئىچىدىكى مېھرىبان — بالا دىگەن ئەمەسمۇ،

خۇلاسىلىغاندا تېپىشماقلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتە مۇنداق توت خىل تۈزۈلۈش - كە ئىگە؛

بىرىنچى، جۈملە شەكلىدىكى قىسقا تۈزۈلگەن تېپىشماقلار. يەنى، تولۇق شېئىرى ئامىللارغا ئىگە بولمىغان نەسرى خاراكتىرى كۈچلۈكرەك بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر كونكىرىت شەيئىنىڭ پەقەت بىرلا بەلگىسى ئوبرازلاشتۇرۇلغان تېپىشماقلار؛

△ ئاتتىن ئېگىز ئىتتىن پەس؟ (ئاتنىڭ ئېگىرى)

△ بىر يىلىنىم بار ئىككى باشلىق؟ (ئىشتان باغ)

△ بىر داۋاننى چولاق سېغىزخان ئەگىيدۇ؟ (ئۇستۇرا)

△ دادىسى تولغىماش بوۋاي، بالىسى شىرىنشكەر؟ (ئۈزۈم تېلى)

△ ئىچى سىر، تېشى گۈل؟ (پىيالە، چىنە)

△ „ئېگىز“ بىلەن „پەس“ نىڭ ئوتتۇرىسىدا نىمە بار؟ („بىلەن“ سوزى)

△ كوك ئوچكەم كېپەك قۇسىدۇ؟ (ھەرە)

△ كۈندۈزى خان، كېچىسى چاكا؟ (يوتقان - كورپە)

△ لىم سالماي ئۆي ياپتىم؟ (مۇز)

△ شېخى تۆمۈر، يوپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن؟ (جىگدە)

△ قوسىقىدىن يەپ، دۈمبىسىدىن چىقىرىدۇ؟ (رەندە)

بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇنراق بولۇپ، ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئىخچام تۈزۈلگەن، بەزىلىرى ماقاللىق خۇسۇسىيىتىگە ھەم ئىگە. مەسىلەن: «ھەممىگە تون تىكىمەن، ئۆزۈم يالىڭاچ» - (يىڭنە) بۇ تېپىشماقنى ماقال سۈپىتىدىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ، يەنى مەنتىقە جەھەتتىن ئۇنىڭدا كېچە كۈندۈز تىنماي ئىشلىسىمۇ، ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئۆتمۈشتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوبرازى تەمسىل خاراكتېرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىككىنچى، شېئىرى تېپىشماقلار - تولۇق شېئىرى شەكىلگە كىرگەن تېپىشماقلارنى شېئىرى تېپىشماق دەيمىز. بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ كۆپچىلىكى مەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ.

ئەجەپ ھەيۋەت بىر ئۆكۈز،
ماڭلىيىدا بىرلا كۆز.
پۇشۇلدايدۇ، ھۇۋلايدۇ،
«مەن كەلدىم» دەپ تۇۋلايدۇ.
بوغۇم - بوغۇم قۇيرىقى،
نەچچە يەردە ئۇلىقى؟ (پويىز)

ئۆزى كىچىك بوغۇمچە،
گۈللۈك قەغەز تۈگۈنچە.
ئاچساڭ چىقار ئىچىدىن
تاتلىق شېرىن ئۈزۈمچە؟ (كەمپۈت)

جىرىڭ - جىرىڭ
ئىلدامراق كېلىڭ.
يىراقتىن تۇرۇپ،
سۆزلىشىپ ئېلىڭ. (تېلېفون)

ئىشىگە ئوت قويساڭ،
ئوت ئالىدۇ ئۆي ئىچى.
ئوت كەتكەننى كۆرسىمۇ،
ئۆچۈرمەيدۇ ھېچ كىشى؟ (مەش)

ئۈچىنچى؛ ھىساپلىق تېپىشماقلار — جاۋابى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تېپىلىدىغان تېپىشماقلارنى ھىساپلىق تېپىشماقلار دەيمىز. ھىساپلىق تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرى شېئىرى ھالدا قىزىقارلىق ۋە ئاممىباپ ھالدا تۈزىلىدۇ، بەزىلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق ۋە گېئومېتىرىك قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تۈزىلىدۇ. مۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى پەقەت ماتېماتىكىلىق ھىساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا تاپقىلى بولىدۇ؛

بىر توپ قۇشقاچ كېلىپتۇ، چىغ ئۈستىگە قونۇپتۇ،
بىردىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر قۇشقاچ.
ئىككىدىن قونسا ئېشىپ قاپتۇ بىر تال چىغ،
قۇشقاچ قانچە، چىغ قانچە؟

(قۇشقاچ 4، چىغ 3 تال)

ئوتتۇز ئاتنى توققۇز ئوقۇرغا جۈپتىن باغلاڭ؟

(ئالتە ئوقۇرغا توتتىن، ئۈچ ئوقۇرغا ئىككىدىن باغلىنىدۇ)

بىر قازاندىن بەش قاسقان مانتۇ چىقىپتۇ،
بەش جوزىدا بەشتىن ئولتۇرغان كىشىلەرگە
بەشتىن تېگىپتۇ، ئادەم قانچە؟ مانتا قانچە؟

(ئادەم 25، مانتا 125 دانە)

ھىساپلىق تېشماقلارنىڭ ئىلىم-پەن قۇرلىشىدىكى رولى زور بولىدۇ.

تۆرتىنچى، چوچەكلىك تېپىشماقلار-نەسرى ياكى شېئىرى يول بىلەن بايان قىلىنغان روشەن ھېكايىلىق تۈسكە ئىگە بولغان تېپىشماقلارنى چوچەكلىك تېپىشماقلار دەيمىز. بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ سەھىپىسى باشقا خىلدىكى تېپىشماقلارغا قارىغاندا كەڭرەك بولغاچقا، ئۇنىڭدا روشەن ئوبراز گەۋدىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەلپ قىلارلىق تۈزىلىدۇ. بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى بەزىدە ھىساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بەزىدە ئوبرازلىق ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق تاپقىلى بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق تېپىشماقلار كىشىلەردە چوڭقۇر تەپەككۇر قوزغايدۇ. بەزىلىرى روشەن ئىدىيىۋى خاھىشقا ئىگە بولغاچقا، بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) بار ئىكەن، يوق ئىكەن، تاق ئىكەن، جۈپ ئىكەن، بىر شەھەردە بىر خوتۇن بار ئىكەن، ئۆزى گەپچىكەن، ھونىرى رەمچىكەن، ئۇنىڭ قولىدىن توت ياشلىق بىر ئوغۇل چۈشمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خوتۇن جامائەتنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا بىرسى سوراپ قاپتۇ:

— ئاچا بۇ بالا نىمىڭىز؟

رەمچى ئايال سوئال سورىغان كىشىگە قاراپ:

قىزىمنىڭ بالىسى، ئېرىمنىڭ ئىنىسى، مىنىڭ نەۋرەم بولىدۇ، - دەپتۇ.

سۇئال سورىغانلار ئويغا چوكۇپتۇ، ئويلاپ تاپالماپتۇ، كېچىسى ياتالماپتۇ، ئەرتىسى قوپالماپتۇ، قېنى بۇ خوتۇننىڭ كىمىنى كىم يېشىپ بېرىدۇ؟

(جاۋابى - رەمچى خوتۇننىڭ بىر قىزى، يەنە باشقا بىر كىشىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، رەمچى خوتۇن ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئىگا تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى كىشىگە قىزىنى ياتلىق قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۆزى تېگىۋاپتۇ. رەمچى خوتۇن كوتىرىۋالغان 4 ياشلىق ئوغۇل ئۆزىنىڭ نەۋرىسى، (قىزىنىڭ بالىسى) ھەمدە ئېرىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ).

(2) بۇرۇن ئۆتكەن تويلارنىڭ بىرىدە مۇنداق بىرگەپ بولۇپتىكەن، تويغا كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى ئۆز مەشۇغىنى كۇتۇپ، كوزلىرى تېپىشلەي دەپتۇ، سەۋرتاقتى تۈگەپ، كىچىك سىڭلىسىنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

—ئۇكام، ئالدىنقى كۈنى ساڭا مېغىز بەرگەن كىشىنى قىچقىرىپ كەلگىن، - دەپ ئەۋەتىپتۇ:

قىزچاق خېلىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، كېلەلمىگەن كىشى ئۈگىتىپ قويغان جاۋاپنى دەپتۇ:

بېرىۋىدىم قىچقارغىلى،
يوق ئىكەن، كېلەي دىدى.
كەلسىمۇ كېلەر ئىدى
كەپ قېلىپ كېلەلمىدى.

بۇ جاۋاپنىڭ مەنىسىنى يىگىت چۈشۈنۈپتۇ، بىراق باشقىلار زادى چۈشۈنەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ.

قېنى، كىم ئەشۇ جاۋاپنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ؟

(جاۋابى - قىزچاق يىگىتنىڭ سويگىنىنى قىچقارغىلى بارغاندا، ئۆيدە قىزنىڭ ئوگەي ئانىسى يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «يوق ئىكەن، كېلەي دىدى» دىگەن. قىز ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئوگەي ئانىسى پەيدا بولۇپ، يىگىت يېنىغا بېرىشقا ئامال قىلالمىغان. بۇ ئەھۋالنى «كەپ قىلىپ كېلەلمىدى» دەپ ئۇختۇرغان.

چوچەكلەرنىڭ تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرى ھېكايە، داستان ۋە قىسسەلەردە قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئاچچىق ھايات تەجرىبىلىرىنى باشتىن كوچۇرگەنلىكىنى بىلىش مەقسىدىدە تۈزۈلگەن؛

«پادىشا بىلەن دانىشمەن چال» ھېكايىسىدا بېلىقچى چال بىلەن پادىشانىڭ ئا ـ رىسىدىكى سىرلىق سوئال ـ جاۋاپلار تېپىشماق شەكلىدە تۈزۈلگەن؛

پادىشا ـ ھە، ئاتا، توتنى ئۈچكە ئۈرمىغانىمىدىڭىز، قىشتا بېلىق ئوۋلاپ يۈرۈپسىز؟

چال: ـ توتنى ئۈچكە ئۈرۈشنى ئۈردۈم، لېكىن ئوتتۇز ئىككى قويمىدى ـ دە، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ تېپىشماقتا مۇنداق ھېكمەتلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛

پادىشانىڭ توتنى ئۈچكە ئۈرمىدىڭىزمۇ دىگىنى ـ يىلدا توت پەسىل بار، شۇ ـ نىڭ ئۈچ پەسلىدە، يەنى باھار، ياز، كۈزدە ياخشىلاپ ئەمگەك قىلىپ، قىشتا يەپ ياتسىڭىز بولماسمىدى، دىگىنى.

چالنىڭ «ئوتتۇز ئىككى قويمىدى» دىگىنى ـ ئۈچ پەسىلدە ئىشلەپ تاپقانلىرىنى ئوتتۇز ئىككى چىش يەپ بولدى، دىگىنى.

دىمەك، چوچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ئەنە شۇنداق جەريانلار بىلەن مۇ ـ ناسىۋەتلىك بولىدۇ.

تېپىشماقلار بەدىئى شەكىل جەھەتتىن تەسۋىرى سۈرەتلەنگەن ئوبرازلاردىن ئى ـ بارەت، بۇنداق ئوبرازلار شەيئىنىڭ توپ ماھىيىتىنى ياكى پەقەت بىرلا نۇقتىسىنى كورسۈتۈپ، شۇ ئاساستا كىشىلەردە تەسەۋۇر پەيدا قىلىدۇ. يەنى، تېپىشماقلار شەيئە ـ لەرنىڭ خاسلىقى ۋە ئومۇملىقىنى ئاساسلىنىدۇ. خاسلىق بىلەن ئومۇملۇق ئارىسىدىكى دىيالىكتىكىلىق مۇناسىۋەت بەدىئى يول بىلەن تېپىشماقلاردا ئوز ئەكسىنى تاپىدۇ.

مەسىلەن:

كىچىك چېغىدا توت پۇتلۇق،
چوڭ بولغاندا ئىككى پۇتلۇق،
قېرىغاندا ئۈچ پۇتلۇق.

(ئىنسان)

بۇ تېپىشماقتا ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇش، چوڭ بولۇش ۋە قېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق خاسلىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئادەمدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئومۇملىقنى كورسەتكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار ھاياتىدا بولىدىغان تۇغۇلۇش، چوڭ بولۇش، قې ـ رىش باشقا جانلارلار ئۈچۈنمۇ ئومۇمى قانۇنىيەتتۇر.

تېپىشماقلارنىڭ ئاساسى ئوبرازى بولغان مىتافورا بەزىدە شەيئىلەرنىڭ تاشقى كورىنىشىنى ئاساس قىلسا، بەزىدە ئۇنىڭ ھالىتى، ھەركىتى ۋە ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئا ـ ساس قىلىدۇ:

(1) پاكار - پاكار بويى بار، (پىياز)
قەۋەت - قەۋەت تونى بار،

(2) ئۈزۈن كەتكەن بىر كېمىر،
توگلىگى مىجىر - مىجىر.
ئايغىدا گۈل ئىچىلۈر،
بېشى شورتاڭلىق ئىدىر؟ (كارىز)

(3) كومسەم كومۇلمەس، تەپسەم تەۋرىمەس، ماڭسام ماڭىدۇ، تۇرسام تۇرىدۇ؟ (سايە) يۇقۇرقى تېپىشماقلارنىڭ بىرىنچىسىدە شەيئىلەرنىڭ تاشقى كورىنىشى، ئىككىنچىسىدە شەيئىنىڭ ھالىتى، ئۈچىنچىسىدە شەيئىلەرنىڭ ھەركىتى ئاساس قىلىنغان. تېپىشماقلاردا تەسۋىرلەنگەن ئاساسىي ئوبيېكت ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ بىرى ئادەم ۋە نەرسىلەر بولۇپ، يەنە بىر خىلى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئەمما ھادىسىلەر توغرۇلۇق ئېيتىلغان تېپىشماقلارغا قارىغاندا، ئادەم ۋە نەرسىلەر توغرۇلۇق ئېيتىلغان تېپىشماقلار كوپرەك ئۇچرايدۇ. كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزدا بىز يولۇقىدىغان شەيئىلەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرى ھەر خىل بولغاچقا، تېپىشماقلاردا تەسۋىرلەش كوپ خىللىققا ئىگە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر بىر كىشىنىڭ بەلگىلىك شەيئى ھەققىدىكى تونىشى ھەم بىردەك بولمايدۇ، مەلۇم بىر كىشى بىرەر شەيئىنىڭ تاشقى كورىنىشىگە قاراپ تېپىشماق ئېيتسا، يەنە باشقا بىر كىشى شۇ شەيئىنىڭ ھالىتى ۋە ھەركىتىگە قاراپ تېپىشماق تۈزىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن تېپىشماقلار ھەمىشەم ھەر خىل ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1)
1- تېشى سىرلاغلىق، ئىچى مىخلاقلىق؟
2- كىچىككىنە ساندۇقچە، ئىچىدە جىق تۈگۈنچە؟
3- كىچىككىنە دومبۇلاق، ئىچى تولا قومبۇلاق؟

(2)
1- بىر ئۆيگە كىرسەم جىققىدە توخۇم تۇرۇپتۇ؟
2- يار بويىدا قاتار قوزۇق؟
3- ئوتتۇز ئىككى ئاغىنە، بىر كېمىردە ياشايدۇ،
ئىشقا چۈشسە ياندىشىپ
بىللە كۈرەش باشلايدۇ؟

(3)
1- ئۆزى بىر غېرىچ، تىلى مىڭ غېرىچ
2- ئۆزى ئورۇق، ئۈچى يورۇق، مۇزدا يۈگرەيدۇ،
3- پۇتى يوق ماڭىدۇ، تىلى يوق سوزلەيدۇ.
4- كىچىككىنە ساپىنىم، بەش ئات ئۇنى تارتىدۇ،
ئاپپاق يەرگە رەت بىلەن رەڭلىك ئورۇق سالىدۇ.

يۇقىرقى ۋارىيانتلىق تېپىشماقلارنىڭ بىرىنچىسىدە «ئانار» ئىككىنچىسىدە «چېمىش»، ئۈچىنچىسىدە «قەلەم» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلىشىدە باشقا خەلقلەرنىڭ تېپىشماقلىرىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىگى بار، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەزى تېپىشماقلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ھەرپلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگىگە قاراپ تۈزۈلگەن، بۇنداق تېپىشماقلارنىڭ باشقا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېپىشماقلىق خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. مەسىلەن:

«سەن» دە بىرلا
«مەن» دە بىرلا
ئىستىسەم «ئالەم» دە يوق،
«شام» غا بېرىپ ئۈچنى تاپتىم
«مىسىر» غا كەلسەم بىرسىمۇ يوق.

بۇ تېپىشماقتا قىياسەن ئىپادىلەنگەن ئوبراز ئۇيغۇر كونا يېزىغىدىكى چېكىت (٠) بولۇپ، پەقەت شۇ يېزىقنىڭ ئالامەتلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن.

ئول نېمىدۇر ئادىمگە
قىش - ياز لازىم ئېمىش.
بېشى بىردۇر، بىلى ئالتە
قۇيرىقى توتيۈز ئېمىش.

بۇ «ئوت» (اوت) بولۇپ، كونا ئەبجەت ھېساۋى بويىچە بىر سانى «1» ھەرىپكە، ئالتە سانى «و» ھەرىپكە، توت يۈز سان «ت» ھەرىپكە تەڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ تېپىشماقتا ئىشارە قىلىنغان سانلارنى ئەبجەت ھساۋى بويىچە خەتكە ئايلاندۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوت» (اوت) سوزى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ جاۋابىنى پەقەت كونا ئەبجەت ھېساۋىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرلا تاپالايدۇ.

تېپىشماقلار خەلق ئاغزاكى بەدىئىي ئىجادىنىڭ قەدىمقى تۈرى سۈپىتىدە، يازما ئەدەبىياتقا بەلگىلىك تەسىر كورسەتتى. شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەمما، مۇۋەششەھ، توخشاش لىرىك ژانىرلارنىڭ پەيدا بولىشىدا تېپىشماقلار مۇھىم رول ئوينىدى. ئوز نوۋىتىدە يازما ئەدەبىيات ھەم كوپلىگەن تېپىشماقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەپ بولدى.

تېپىشماقلار مېھنەتكەش خەلق ئەقىل - پاراستىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ھازىرقى كۈندە ھەم ياش ئوسمۇرلەرنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىنى كېڭەيتۇرىشىدە، بىلىم بايلىغىنى ئاشۇرىشىدا، تەپەككۇرىنى ئوتكۇرلەشتۇرىشىدە مۇھىم تەلىم - تەربىيۋى ۋە بەدىئىي - ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 11 - باپ

# ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر

## 1 - ئەپسانە

ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمقى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۈپكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەپسانىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئىنسانىيەتنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلىساق ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئەپسانىلار ئىگىلەيدۇ.

ماركس ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدى» گە يازغان مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "ھەر قانداق ئەپسانىدە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى بويسۇندۇرۇلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ، شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەپسانىلارمۇ يوقۇلىدۇ."① ماركس ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "يۇنان سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى - يۇنان ئەپسانىلىرى، يەنى يۇنان خەلقىنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق بىرخىل ئاڭسىز سەنئەت ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلانغان تەبىئەت شەكلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ ئۆزى. مانا بۇ يۇنان سەنئىتىنىڭ باشلانغۇچ ماتېرىيالى"②. ئېنگېلسمۇ: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە: "گومېرنىڭ داستانى ۋە بارلىق ئەپسانىلار مانا بۇلار گېرېكلەرنى ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيلىك دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن مۇھىم مىراسلار."③ دەپ كۆرسىتىپ يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە ھازىرغىچە قانداق تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلمىي ھالدا خۇلاسىلايدۇ. ماركس-

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 113 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 2- توم، 117- بەت.

③ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4- توم، 22 - بەت.

ئېنگېلس گەرچە يونان ۋە رىم ئەپسانىلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەپسانىلىرى ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

قەدىمقى ئىنسانلار، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرغان چاغلاردا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى تېخى توغرا بىلەلمەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. ئۇلار تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلغاندا قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت «تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن» چۈشەندۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھوقۇقىغا باغلايتتى، شۇنداقلا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوبرازلاشتۇراتتى، جانلىقلاشتۇراتتى ھەتتا ئىلاھلاشتۇراتتى. ئۇلار تەبىئەتتىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى، يەنى، ئاسمان ۋە يەر، كۈندۈز ۋە كېچە، كۈن ۋە ئاي، يامغۇر ۋە چاقماق، تاغ - دەريا ۋە دەل - دەرەخ، ھەتتا تاڭ - نۇرىنى، ھەسەن - ھۈسەننى، تاغ - جىرالاردىن چىققان ئەكس سادانى......تامامەن دىگىدەك خۇدانىڭ ئوبرازى دەپ چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدىكى خۇدانىڭ بۇنداق ئاجايىپ «كارامىتى» توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىلارنى توقۇپ چىققان. كېيىنرەك ئىپتىدائىي سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى بوي سۇندۇرۇش بىلەن بىللە، قەھرىمانلار توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرى خۇدالار توغرىسىدىكى ھېكايىلار ۋە قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلار دەپ ئىككى چوڭ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىزگە مەلۇمكى؛ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز ۋە تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمۇ ئاددىي ۋە ساددا ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئورنىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا مۇھتاج بولدى. نەتىجىدە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان كۈرەش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تۈپ زىددىيىتى بولۇپ شەكىللەندى.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا يۈز بېرىدىغان ھەرخىل تەبىئەت ئۆزگۈرۈشلىرى ئىنسانلاردا خىلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كوپ ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ

نەتىجىسىدىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلار «ئەپسانە» دەپ ئاتىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدىكى، ئەپسانە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋجى ئالغان ئىپتىدائىي تارىخى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان. «ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا؛ تونۇش - تەسەۋۋۇردۇر. تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا دۇنياغا قارىتا تەپەككۇردىن ئىبارەت، بىراق، مۇھىمى، ئۇ ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشتۇر. مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ؛ تەسەۋۋۇر - تەبىئەتنىڭ ئىستىخىيىلىك ھادىسىلىرىگە ۋە شەيئىلەرگە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى سىزىم، ھەتتا كىشىلەرنىڭ مۇددىئالىرىنى يۈكلەيدىغان ئىختىدارىدىن ئىبارەت»①.

قەدىمقى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، خۇدالار بىلەن ئىنسانلار قىياپەت ۋە مىجەز - خۇلق جەھەتتە ئوخشاش ئىدى. خۇدالار ئىنسانلارنىڭ قىياپىتى ۋە ھېسسىياتىغا ئىگە ئىدى. قىسقىسى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىپتىدائىي خۇدالار ھازىرقىدەك ئابستىراكت بولماستىن بەلكى كونكرېت ئىدى. خۇدالارنىڭ ئىنسانلارغا ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئىنسانلارغا قارىغاندا يۈكسەك، قۇدرەتلىك بولىدۇ، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى ئوچىقى ھېسابلانغان قەدىمقى يونان (گىرېك) لىقلارنىڭ ئەپسانىلىرىدا شۇنىڭ ئۈچۈن «ئولۇمپۇس»② تېغىدىكى 12 «خۇدا» نىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇلار، «خۇدالارنىڭ پېشىۋاسى، ئىنسانىيەتنىڭ پادىشاسى» دەپ ئاتالغان زېۋۇس (ئۇ يەنە چاقماق خۇداسى) خانىشى ھېرا، دېڭىز خۇداسى پوسېيدون، پاراسەت خۇداسى ئاتېنا، قۇياش خۇداسى ئاپوللو، ئاي خۇداسى ئاتېمىس، مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك خۇداسى ئافرودىت، غازات خۇداسى ئارېس، ئوت خۇداسى (تومۇرچىلەر خۇداسى) ھېفېستاس، خۇدالار ئەلچىسى ھېرمېس، دېھقانچىلىق خۇداسى دېمېتېر، ئوچاق خۇداسى

---

① گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى. 160 - بەت.

② ئولۇمپۇس - يوناننىڭ شىمالىدىكى تاغ بولۇپ ماكېدونىيە بىلەن تېسالىيەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئېگىزلىكى 3 مىڭ مېتىر بولۇپ، يۇنان يېرىم ئارىلى بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ. بۇ تاغنىڭ چوققىلىرىدا يىل بويى قار ئېرىمەيدۇ، ئۇنى دائىم بۇلۇت ۋە تۇمان قاپلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا «ھەيۋەتلىك ئولۇمپۇس تىلسىم تېغى» دەپ ئاتالغان. گومېر «ئىلىئادا» داستانىدا تەسۋىرلىنىشىچە، ئولۇمپۇس تېغىنىڭ چوققىسىدا تۆمۈرچىلەر خۇداسى ھېفېستاس باشقا خۇدالار ئۈچۈن ئالتۇن ۋە مىستىن ئوردا ياساپ قويغانمىش، بۇ ئەرش ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى 3 نەپەر ۋاقىت خۇداسى مۇھاپىزەت قىلارمىش. خۇدالار ھەركۈنى ئەرش ئوردىسىنىڭ كاتتا سارىيىدا زىياپەت ئۆتكۈزەرمىش، ئۇلار زىياپەت ئۆتكۈزگەندە، نەغمە خۇداسى ئاپوللو ئالتۇن قالونىنى چالارمىش. ئىلھام پەرىسى 9 مۇسىس ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئوينارمىش.

(ئوي خۇداسى) ھېسسىيالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئوبرازى ئىدى. مانا بۇلار مىلادىدىن ئىلگىرى 12 - ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىركى 8 - ئەسىرگىچە بولغان يۇناننىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى (تارىختىكى ئاتالمىش «قەھرىمانلىق دەۋرى»). ئىدىيىۋى ئىشەنچىسىدىن پەيدا بولغان «ئولۇمپۇس تېغىدىكى زېۋس» ناملىق مەشھۇر ئەپسانە ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىركى 2 - ئەسىرگە كەلگەندە يۇنان تارىخى زاۋاللىق دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا گېرىكلەرنىڭ ئورنىدا رىملىقلار ھوكۇمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. جۇملىدىن ئۇلار قەدىمقى يونان مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئوبرازلارنىمۇ قوبۇل قىلىپ، مەشھۇر «رىم مەدەنىيىتى» نى ياراتتى. مەيلى قايسى مەدەنىيەت بولمىشىدىن قەتئى نەزەر، ئىنسانلار ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى خىيالى پانتازىيە ئارقىلىق ئەپسانىلارغا مەركەزلەشتۈردى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «...ئەپسانىلاردا ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزگۈرىشى ئەسلا كونكرېت زىددىيەتلەر بىلەن يۈز بەرگەن رىيال ئۆزگۈرۈش ئەمەس، بەلكى ساددا ۋە خىيالى ئۆزگۈرۈشلەردۇر، ھىساپسىز ۋە خىلمۇ - خىل زىددىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزگۈرۈشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ سوبىيكتىپ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر» (ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە، 3 - بەت). «ئەپسانىلاردا (چوچەكلەردىمۇ) ئۇچرايدىغان سان - ساناقسىز ئۆزگۈرۈشلەر توغرىسىدىكى بۇ ھىكايىلاردا تەبىئەت كۈچلىرىنى ئادەملەرنىڭ بويسۇندۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىكتىن، ئۇلار ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئوبدانلىرى «مەڭگۈ گۈزەللىك» كە (ماركس) ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئەپسانىلار زىددىيەتلەرنىڭ مۇئەييەن كونكرېت شارائىتى ئاساسىدا يارىتىلغان ئەمەس. يەنى ئەپسانە ياكى چوچەكلەردە زىددىيەتلەرنى تەشكىل قىلغان تەرەپلەر رىيال ئوخشاشلىقتا ئىگە ئەمەس، بۇ ئوخشاشلىق پەقەت «خىيالىي» دۇر»①

بۇنىڭدىن شۇنى كورۇشكە بولىدىكى، ئەپسانىلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوبىيكتىپ دۇنيا توغرىسىدا ھاسىل قىلىنغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرخىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئاڭ پورمىسى. يەنى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ پانتازىيەلىك خىيالىدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى ئارقىلىق قايتا ئىشلەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي فورمىدۇر.

«مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەپسانە تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنى ۋە تەبىئەتتىكى كۈرەشلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كەڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەكس ئېتتۈرىدۇ.»② ئەپسا -

① ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە، 4 - بەت.

② گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە 142 - بەت.

نىدا يارتىلغان پانتازىيىلىك ئوبرازلار ئومۇمەن خىيالى تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسى بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، بىز ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئېتنوگراپىيە جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلساق ئۇنىڭ دىكى قىياسەن ئوبرازلار ئەينى تارىخى دەۋرنىڭ ئوبيېكتىپ رىياللىقىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىمىز.

ئەملىيەتتە بىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەپسانىلىرىدا، شۇنداقلا يۇنان، مىسىر ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە لايدىن ئادەم ياسىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل ھېكايىلار بار، بۇ ھېكايىلار ئىپتىدائى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائى رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەزگىللەر ئارخىلوگىيە تارىخى جەھەتتىن «يېڭى تاش قورااللار دەۋرى» بولۇپ، تاش قورااللار ۋە ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەدىنىيەت تارىخىدا چوڭ ئەھمىيەتلىك بىر تەرەققىيات بولدى. نەتىجىدە ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ كۆزدەكلەرچە ساددا تەسەۋۋۇردا ئەشۇ ئوبيېكتىپ رىياللىققا قىياسەن لايدىن ئادەم ياساش خىيالى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن لايدىن ئادەم ياسىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلار بارلىققا كەلدى.

يېڭى تاش قورااللار دەۋرىنىڭ تۆپ ئائىلىدىكى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىقتىساقىدا ئاياللارنىڭ تەشكىللىگۈچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاساسى كۈچ بولغانلىدۇر. شۇڭلاشقا شۇ دەۋرنىڭ ئاساسى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشى بولغان قورال ياسىمان ياساش، تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ساپالچىلىق، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كوندۇرۇش، ئوزۇق - تولۇك يىغىش ۋە ساقلاش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئاياللار ئورۇنلايتتى، بولۇپمۇ ساپالچىلىق تېخنىكىسى ئاياللارنىڭ ئىجادى مېھنىتىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، قەدىمقى ئەپسانىلار ئىچىدە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىجادكارلىق روھى مەدھىلەنگەن ھېكايىلار ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئەپسانىلاردا: «...ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەرلەردىن بۇرۇن بولغان. مىتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇر»① بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ئەشۇ ئانىمىستىك ئورۇقداشلىق جەمىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى بەلگۈلىگەن. شۇنداق بولغاچقا ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەپسانىسى «ئاسمان ئىلاھىسى نۈيۋا» دىكى ئايال ئىلاھ نۈيۋانىڭ لايدىن ئادەم ياسىغانلىقى، تاش بىلەن ئاسماننى ياماشقانلىقى، قومۇش كۈلى بىلەن كەلكۈن سۈيىنى توسقانلىقى قاتارلىقلار ئانىمىستىك ئورۇقداشلىق دەۋرىدىكى بىر چوڭ مەنبوت بولۇپ قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

---

①لاپارگ: «دىن ۋە كاپىتال» 58 - بەت. 3 - بىرلەشمە كىتابخانىسى خەنزۇچە، 1963 - يىل نەشرى (لاپارگ - فرانسىيەنىڭ مەشھۇر ماركسىزمچى تارىخچىسى ۋە پەيلاسوپى).

گېرېك ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان 12 خۇدانىڭ ئوبرازىمۇ ئەنە شۇ ئانىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىسىگە ئانىمىزىم روھى سىڭدۈرۈلگەن. بۇنداق ئىنكاس قىلىشنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان ئىنسانلار سىرتقى مۇھىتنىڭ كۈچىگە بېقىنغان ھالدا تەبىئەتنىڭ ئۇ خىل «كۈچى»نى چۈشۈنۈشكە قادىر بولالمىغان. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەھىمە پەيدا بولغان، ئەنە شۇ ۋەھىمىدىن ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئىلاھ ھاسىل بولغان. «ئىلاھ» شۇنىڭ ئۈچۈن بىرخىل ئاڭ فورمىسى بولۇپ، كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا كىشىلەرنى بېقىندۇرىدىغان سىرتقى كۈچنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى خىيالى ئىنكاسى. ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدا ئابستىراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبراز ھېساپلىناتتى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈمىدىنى شۇ سەۋەپتىن ئەنە شۇنداق «ئىلاھ»لارغا بېغىشلىدى ۋە ئۆز خاھىشىنى شۇ «ئىلاھ»نىڭ كۈچى بىلەن رېياللىقتا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ يەردىكى «ئىلاھ» ئىپتىدائىي ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلىشى بولۇپ، ئەمگەك قورالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رېيال شەخسلەردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەدىمقى ئەپسانىلاردىكى قەھرىمانلار خۇدا بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلغان يېرىم ئىنسان، يېرىم ئىلاھتۇر. شۇڭلاشقا بۇ «ئىلاھ»لار سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە تۇسىنى ئالغان «ئادەملەر ئۈچۈن يارىتىلغان دىن» بىلەن پەرقلىق بولغاچقا، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك، «يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىقى»① دېگىنىمىزدە، ئەپسانىلارنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتىمىز. مەسىلەن، قەدىمقى يۇناننىڭ ئەما شائىرى گومېر تۈزگەن ئىككى ئالەمشۇمۇل مەشھۇر داستان —«ئىلىيادا» ۋە «ئودىسېيا» شۇنىڭدەك ھېسىئود يازغان «خۇدالار شەجەرىسى» — يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ يىغىندىسى. ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئەسەرلەردىن چىققان. قەدىمقى يۇنان تىراگېدىيىچىلىرىدىن ئائىسكۈيلۇس، سوفوكىلىس (سوفكىل) ئېۋرىپىدىسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنغان. ئوبيېكتىپ ئىدېيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە بىرىنچى ئۇستازى «ئارىستوتېل پەلسەپىسى» ئەنە شۇ يۇنان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىن يەكۈنلەنگەن. نەپىس سەنئەت جەھەتتە قەدىمقى يۇناندىكى ھەيكەلتاراشلىق، مىمارچىلىق، لوگىكىغا رەسىم چۈشۈرۈش ئىشلىرىدا، شۇنىڭدەك رىمنىڭ فېوداللىق دەۋرىدە تاملارغا رەسىم سىزىش، مومايارچىلىق سەنئەتلىرىدىمۇ پۈتۈنلەي دېگىدەك يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېكايىلار ماتېرىيال

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 2- توم، 113- بەت.

قىلىنغان. يولداش ماۋزېدۇڭ «زىددىيەت توغرىسىدا» دا تىلغا ئالغان «چەتئەل چۆچەكلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان «ياغاچ ئات ھىلىسى» ئەنە شۇ گىرىكلارنىڭ تىروياغا ھۇجۇم قىلىشىدىن كېلىپ چىققان.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، مۇجمەللىكتىن ئېنىقلىققا، پانتازىيىدىن ئىلمىلىككە يۈزلىنىش ئومۇملاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەپتىن جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرىمۇ ئۆزگۈردى ۋە تەرەققى قىلدى، بۇ تەرەققىيات مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم-پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رىياللىققا ئايلىنىشى ئەپسانىلارنىڭ يوقۇلىشىغا شەرت بولىدۇ. ماركس: «يۇنانلىقلارنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن «يۇنان ئەپسانىلىرى» نىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كوز قاراشلارنىڭ ئاپتوماتلاشقان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، تومۇريول، پاراۋوز ۋە تېلېگراممىلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ روبېرتس شىركىتى تۇرغان يەردە ۋۇلقان نىمە قىلسۇن، چاقماق قايتۇرغۇچ تۇرغان يەردە يۇپىتېر نىمە قىلسۇن؟ كوچمە مۇلۇك، ئىناۋەتلىك قەرز شىركىتى تۇرغان يەردە ھېرمېس نىمە قىلسۇن؟»① دەپ كورسىتىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇنى خۇلاسىلاپ: يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى «تارىختىكى ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى» نىڭ مەھسۇلى، ئۇلار «مەڭگۈلۈك» سېھرى كۈچىنى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن باسقۇچ سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ»② دېگەن ئىدى. بۇ يەردە كوپرەك يۇنان ئەپسانىلىرى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ھەقتىكى پىكىرلار باشقا خەلقلەرنىڭ قەدىمقى ئەپسانىلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ، ئەلۋەتتە.

ئىنقىلاۋى ئۇستازلارنىڭ ئەپسانىلار توغرىسىدىكى بولۇپمۇ يۇنان ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى بۇ بايانلىرى ئەپسانىلار تەتقىقاتىنى ھەقىقى ئىلمى يولغا سېلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دىمەك، كىچىك ھەجىملىك، مەزمۇنەن ساددا بايان ۋە ھېكايىلار شەكلىدە تەشكىل تاپقان ئەپسانىلار ھەر قايسى خەلقلەر ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائى ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى خىيالى شەكىلدە ھېكايە قىلىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىش ۋە چۈشۈنۈشكە بولغان ئىنتىلىشى جەريانىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەپسانىلار ئىجتىمائى ھايات ۋە مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش ۋە روھى كېچىرىمىلەر، ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخى ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

①② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 2-توم، 113-114 - بەتلەر.

ئەپسانە پارسچە سۆز بولۇپ، فانتاستىكا، سېھىر-جادۇ ھەمدە ھاياتى ئويدۇرمىلار ئاساس بولغان نەسرى ھېكايىلار دېمەكتۇر. بۇخىلدىكى ھېكايىلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»ئەسىرىدە «ساۋ-Caw» سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن كەڭ مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز «دىۋان» دا ھېكايە ھەمدە قىسسە دەپ ئىزاھلانغان. مەھمۇت قەشقەرى ھېكايە بىلەن قىسسىنى «ئۆتمۈش ۋەقەلەردىن خەۋەر بەرگۈچى»① دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقەتەن ھەم ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئاغزاكى قىسسىلەر خىيالى ئويدۇرمىدىن تەشكىل تاپقان ۋەقەلەرنى چەتنەپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھېكايىنىڭ بۇخىل فورمىسىدا سېھىر - جادۇ، فانتاستىك ئېلېمېنت ھەمدە ھاياتى ئويدۇرمىلارنىڭ بولۇشى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك، ئەپسانىلار—«ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگۈچى يالغان ھېكايىلاردۇر». ئەپسانىلارنى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ.

بىرىنچىسى، خىيالى ۋەقە ۋە خىيالى قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار—بۇخىلدىكى ئەپسانىلار ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش، ئۇ ياكى بۇ كۈچنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش، ئېتىقات قىلىش ھەمدە سۆيگۈ - ساداقەت ئوخشاش كەچۈرمىشلەر ئەسىردە پەيدا بولغان تۈقۈلما ھېكايىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلارنىڭ ئوبرازلىرى ئىلاھلاشقان روھ ياكى "يېرىم ئىنسان، يېرىم ئىلاھ" تەرزىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىز مەشھۇر قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئوغۇز نامە» ئىچىدىكى مۇنۇ پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

«....كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇز خاقان تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلۇشۇپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىن يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى، ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى. ئۇ قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى؛ ئۇ كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كۆك ئاسمان بىللە يىغلايتتى. ئوغۇز خاقان ئۇ قىزنى كۆردى - دە، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بۇ قىزنى ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئارمانىغا يەتتى. بۇ قىز ھامىلدار بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ كوزى يورىدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. بىرىنچىسىگە كۈن دەپ، ئىككىنچىسىگە ئاي ۋە ئۈچىنچىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى...». ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «تىلسىملىق قەلئە»، «شىرىن قىز»، «شاھ سەنەم ۋە غېرىپ» ئەپسانىلىرىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلارغا كىرىدۇ.

---

① مەھمەت قەشقەرى. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» 3 - توم تاشكەنت 1963 - يىل نەشرى، 168 - بەت.

«تىلسىملىق قەلئە» ئەپسانىسى «پەرھات ۋە شىرىن» قىسسىسى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مىفولوگىك تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىزلىرى ساقلانغانلىقى ئۇنىڭ ناھايىتى قەدىمى زامانلاردا يارىتىلغانلىقىنى كورسىتىدۇ. بىراق ئۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مۇئەييەن ئۆزگۈرۈشلەر بىلەن يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەپسانىنىڭ تۇرۇلۇش سەۋىۋى ساپ سويگۈ-مۇھەببەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق ھالدا ۋاپادارلىقنىڭ ئەمىلى ئىپادىسى سۈپىتىدە ھىكايە قىلىنغان.

«بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھات ئىسىملىك دىۋە قۇرغان ئىمىش، پەرھات خارازىم شاھىنىڭ شىرىن ناملىق قىزىنى ياخشى كورۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى قويىدۇ. بۇ، پادىشانى ۋەھىمىگە سالىدۇ. قىزىنى دىۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشا، ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىشتىن قورقۇپ، جادىگەر كەمپىردىن ياردەم سورايدۇ. جادۇگەر پەرھاتقا بېجىرىپ بولمايدىغان ۋەزىپىنى—قاراقۇرۇم چولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويۇشنى مەسلىھەت بىرىدۇ. دىۋە پەرھات بۇ شەرتنى قوبۇل كورۈپ يىراق جەنۇپتىكى قاراگىنۇ تاغدىن يەلكىسىدە تاش توشۇپ كېلىپ، قەلئەنى قۇرۇشقا باشلايدۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بىرنىمىدىن خەۋەردار بولغان پادىشا جادۇگەرنى مەسلىھەتكە چاقىرىدۇ. جادۇگەر پادىشاغا ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى 9000 دانە يېڭى تۇغۇلغان بوتۇلاقنى، شۇنچە تايى، بوزاۋ ۋە قوزىنى بىراق سويۇشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. قالغان ئىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جادۇگەر دىۋە پەرھات قۇرۇپ بولغان تاش قەلئەگە كېلىدۇ، دەل شۇ پەيتتە خارازىم تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغى-زار ئاڭلىنىدۇ. بۇ باللىرى سويۇلۋاتقان مىڭلاپ-مىڭلاپ ئانا ماللارنىڭ بۇقىرىغان ئاۋازى ئىدى. پەرھاتنىڭ „بۇ قانداق يىغا-زارە؟"—دىگەن سوئالىغا كەمپىر: „ھازىرلا مەلىكە ۋاپات ئەتكەن، شۇنىڭغا پۈتۈن خارازىم ھازا تۇتماقتا"-دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. سويگەن ئاشىقىنىڭ ئولۇمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن گاڭگىراپ قالغان دىۋە پەرھات ئۇنىڭسىز ياشاشنى خالىماي، دەرغەزەپ بولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاشلارنى ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇ يوغان قورام تاش پەرھاتنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ زەخىملەندۈرىدۇ. دىۋە پەرھاتنى ياخشى كورۈپ قالغان شىرىن دەرھال پاجىئە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە سويگەن يارنىڭ مۈردىسى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق سانجىپ ھالاك بولىدۇ.» ①

«شىرىن قىز» ئەپسانىسىمۇ مىفولوگىيە بىلەن باغلىق بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بۇ ئەپسانىدا شىرىن گۈزەللىك تىمسالى سۈپىتىدە نامايەن بولۇپ، ئېپپەتلىك ئاياللارغا خاس ئەخلاق نەمۇنىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىراق ئەنە شۇ مەنىۋى گۈ-

---

① ل. س. تولستوۋ: „قەدىمقى خارازىم مەدەنىيىتىنى ئىزلەپ". تاشكەنت 1964 - يىل. 30 - بەت.

زەللىك ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش مىنى (مىنى-گىرىكچە «سوز» بولۇپ، خۇدالار ۋە پەھلىۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ئەپسانىدۇر) يوسۇندا بېرىلگەن: «شىرىن دىگەن قىز شۇنداق گۈزەل قىز ئىدىكى، تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھوسنى-جامالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ساناپ يەر يۈزىدە يۈرەر ئىكەن. ھەممە كىشى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شىرىن بالاغەتكە يېتىپ، گۈزەللىگى كۈندىن-كۈنگە ئارتقاچ، ئادەملەر ئاينى ماختىماي، شىرىننىڭ ھوسنىنى تىلدا داستان قىلىپتۇ، بۇنىڭغا ئاينىڭ رەشكى كېلىپتۇ: «ناھاتكى مەن تۇرغىنىمدا شىرىننى ماختاشسا، شىرىن بىلەن مەن ھوسنۇمنى سېلىشتۇرۇپ كورەيچۇ، شۇندىن كېيىن مىنىڭ كىملىگىمنى بىلىپ قويۇشسۇن» - دەپتۇ. شىرىننى ئۆزىنىڭ قېشىغا چاقىرىپ ئاي: «سەن كىم؟ مەن كىم؟ ئەل ئاغزىدا ھوسنۇڭ تەرىپى ئالەمنى بېسىپتۇ، كەل، ئىككىمىز ئۆزىمىزنى تارازىغا سېلىپ، تارتىپ كورەيلۇق. كىم چىرايلىق بولسا، تارازىدا مەلۇم بولىدۇ» - دەپتۇ. شىرىن خىجالەت بولۇپ: «ھوسۇندە سىز ئەلۋەتتە زىيادىسىز، قويۇڭ، مىنى خىجىل قىلماڭ. مەن ھوسۇن دەۋاسىنى قىلمايمەن» - دەپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ جەھلى قوزغۇلۇپ: «سەن ھوسۇن دەۋاسىنى قىلمىساڭ، گويا ئىنسانلار نەزىرىدە سەن مەندىن چىرايلىق ئىمىشسەن. بىر تارازىدا تارتىشىپ سىناشمىساق بولمايدۇ» دەپ شىرىننى مەيلىگە قويماي (ئۇندىن ئىلگىرى ئۆزى چوڭ بىر تارازىنى تەييارلاپ قويغان ئىكەن) تارازا ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. بۇ تاماشىغا خالايىق يىغىلغان ئىكەن. ئاي مەغرۇرلۇنۇپ: مانا شىرىن، مانا مەن، كورۇڭلار، ھازىر ھوسۇندە كىم غالىپ ئىكەن؟» - دەپ يالپىيىپ تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە چىقىپ ئاپتۇ. شىرىن خىجالەتچىلىك ئىچىدە نائىلاج ئوڭ ئايىغىنى «بىسمىللا» دەپ تارازىنىڭ بوش پەللىسىگە قويا-قويماي، ئاي لەگلەكتەك لىككىدە كوتۇرۇلۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. خىجالەتتىن ئاي قايتىپ يەر يۈزىگە چۈشەلمەي، ئاسماندا قالغان ئىكەن.»

دىمەك، بۇ ئەپسانىنىڭ سىيوژىتى ھەمدە قەھرىمانلار پائالىيىتى چوچەكلەرگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، فانتاستىك ئويدۇرمىلار ۋەقەلەر تىزمىسىنى ھەرىكەتلەندۇرىدۇ. زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئۇنىڭ يېشىمىدا ھەل قىلغۇچى رول ئويناپ، مەرتلىك ۋە گۈزەللىك، نەپىسلىك ۋە نازاكەتنى تەستىقلايدۇ. ئەپساندا چىقىرىلغان خۇلاسە مۇئەييەن پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپاتلىنىدۇ. «نىمە ئۈچۈن ئاينىڭ يۈزىدە داغ بار؟» «نىمە ئۈچۈن ئۇ ئاسماندا؟» دىگەن ئىپتىدائىي سوئاللارغا ساددا تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن جاۋاپ بېرىلىدۇ.

2- «شاھ سەنەم ۋە غېرىپ»، «ئىسكەندەر» ۋە «ئەفراسىياپ» ئوخشاش ئەپسانىلار تارىخى جاي ۋە تارىخى شەخسلەر نامى بىلەن باغلانغان. ئۇلاردا ۋەقەلىك فانتاستىك توقۇلما ياردىمى بىلەن ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەپسانىلار كوپرەك مۇئەييەن ھادىسە، قەبىلە، ئەۋلات، گىئوگراپىك جاي—قەلئە، قورغان، ساراي، مۇنارە، دەريا-دېڭىز، شەھەرلەر بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋەيران بولۇش سەۋەپلىرى،

ئۇ ياكى بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

قەدىمقى دەۋردىكى باتۇرلار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار ئىچىدە گرېكلارنىڭ «ئولىمپۇس تېغىدىكى زېۋس» ناملىق ئالەمگە مەشھۇر ھېكايىسى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. بولۇپمۇ گومېرنىڭ «ئىلىيادا» داستانى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولغان قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئاتاغلىق ئېپوستۇر. بۇ ئېپوستا يۇناندىكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقى ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زامانىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقى، بۇ دەۋرنىڭ يۇنان تارىخىدىكى «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە شۇسەۋەپتىن گرېكلارنىڭ تروياشەھرىگە يۇرۇش قىلغانلىقىمۇ دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك، قۇرۇغلۇق ۋە دېڭىزدا قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قەدىمقى يۇنانلىقلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ترويا شەھرىگە يۇرۇش قىلىپ، تروياىلار بىلەن 10 يىل ئۇرۇش قىلغان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9 - ئەسىردە يۇنانلىق گومېر ئىسىملىك ئەماشائىر مەدداھلارنىڭ ترويائۇرۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى شۇنىڭدەك تارىخى موجىزىلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشىگە ئاساسلىنىپ، ئاتاغلىق داستان «ئىلىيادا»نى يازغان. تارىختىكى مەشھور ترويا ئۇرۇشىنىڭ خاتىرىسى بىزگە ئەنەشۇ «ئىلىيادا» داستانى ئارقىلىق مەلۇم.

ترويا كىچىك ئاسىيانىڭ غەربى شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خېللېس پونت بوغوزىنىڭ جەنۇبى ئېغىزىغا جايلاشقان. ئۇ مۇھىم دېڭىز قاتناش تۈگۈنى ۋە باي ئاۋات شەھەر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا گرېكلار بىلەن تروياىلار ئارىسىدىكى 10 يىللىق قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن گرېكلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1184 - يىلى ترويانى بېسىۋالغانمىش. بۇ ئۇرۇشقا ئولىمپوس تېغىدىكى بارلىق خۇدالار ئىككى سەپ بولۇپ قاتناشقان ۋە كۆپلىرى شۇئۇرۇشتا قۇربان بولغان. دەسلەپ تروياىلار گرېكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى 51 كۈن ئىچىدە مەشھۇر گرېك قەھرىمانى ئودىسسىيانىڭ «ياغاچ ئات ھىيلىسى» ئارقىلىق ئاخىرى گرېكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ترويان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان. «ياغاچ ئات ھىيلىسى» دېگەن رىۋايەتتە مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ؛

ئاخىرىدا پاراسەتلىك ئودىسسىيا ياغاچ ئات ھىيلىسىنى ئويلاپ چىقىپ، ياغاچتىن كاتتا بىر ئات ياساپ ترويا شەھرىنىڭ تاشقىرىسىدا قويغانمىش، بارلىق يونان لەشكەرلىرى چېكىنگەن بولۇپ، كېمىگە چۈشۈپ ئەتراپتىكى دېڭىز قولتۇقىغا موكۇۋالغانمىش، ئودىسسىيا بولسا نېوتولېموس، مېنېلائوس، دىومېدېس ۋە باشقا نۇرغۇن قەھرىمانلار بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا موكۇنۇۋالغانمىش. تروياىلار گرېكلەر ئۇرۇشتىن رايى قايتىپ يۇنانغا قېچىپتۇ، دەپ ئويلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپتۇ. ئۇلارشەھەر سىرتىدا تۇرغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ، بۇنىڭ گرېكلەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەي، ئەكسىچە، بۇياغاچ ئات ئاتىنا (پاراسەت خۇداسى)غا ھەدىيە قىلىنغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ،

ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تۈن يېرىم بولۇپ، تروييانلار شىرىن ئۇيقىدا كەتكەن، قىلچە تەييارلىق كۆرمەي تۇرغان چاغدا، ھېلىقى ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدا كىرىۋالغان يۇنان قەھرىمانلىرى ئومىلەپ چىقىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەلگە بەرگەن ئىكەن، دېڭىز قولتۇقىدا موكۇپ تۇرغان يۇنان لەشكەرلىرى كېمىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ، ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، پۈتۈن شەھەرنى بۇلاپ ـ تالاپ پاك ـ پاكىزە قىلىپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىپتۇ. غازات تۈگىگەندىن كېيىن گرېكلەر نۇرغۇن ئولجا ـ غەنىمەتلەرنى، جۇملىدىن قۇل، ئايال ئەسىرلەر ۋە سانسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، دەپى دۇنيانى ئېلىپ يۇنانغا قايتىپتۇ ......

شۇندىن بۇيان «ترويا ياغاچ ئېتى» ئىنسانلار ئارىسىدا بىر تەمسىلگە ئايلىنىپ دايىم ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ خىل ئەپسانىلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە، كوللېكتىپنىڭ كۈچى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋەكىللىك قىلغان، ئۇلار قەدىمقى گرېكلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىدەك ئېسىل پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇخىل ئەپسانىلاردا قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقى، قەيسەرلىكى، پەم ـ پاراسىتى ئەتراپلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ھېكايىلارنىڭ ئەپسانىلىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە روھى قەھرىمانلاردۇر، ياكى يېرىم ئىنسان، يېرىم خۇدادۇر. ئۇيغۇر ـ خەلقىنىڭ قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانى «چىستانى ئىلىك بەگ»دە "قاپ ـ قارا ۋە ناھايىتى زور تاغدەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۇرىلىرىگە چۈشۈرۈپ، زەھەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگەۋالغان» قورقۇنۇچلۇق جىنلارغا قارشى باتۇر چىستانى ئىلىكبەگ ئوت يالقۇنىدەك ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتەرگىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، بۇ ياۋۇز مەخلۇقلارنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە، «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» ① دىكى ئاقكۆڭۈل تىگىننىڭ "بۇ جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن بۇرھان بەختىنى تىلەپ نامرات، بىچارە، جانلىقلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەژدىھار ئارىلىدىكى ئاجايىپ ئەگكۆشتەرنى قولغا چۈشۈرۈش يولىدىكى جانپىدا ـ لىقى، دۇڭخۇاڭ ۋە كۈچارمىڭ ئۆيلىرىگە ئويۇلغان گۈزەل تەسۋىرى سۈرەتلەر ئارقىلىق

① «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن نۇسخىسىنى فرانسىيەلىك شەرقشۇناس پېللىئوت (P·P·lliot) دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىن 1907 ـ 1908 ـ يىللىرى ئېلىپ كەتكەن، ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يادىكارلىق جەمئى 80 بەت بولۇپ ھەر بېتىگە 7 ـ 8 قۇرخەت يېزىلغان.

ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باتۇر بۆتسۋالارنىڭ ئوبرازلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇنداق ئەپسانىلار ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ.

3- ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچ بىلەن باغلىق بولغان ئەپسانىلار. ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرى ئىچىدە ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقات ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى ھېكايە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەپسانىلار زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭدا كوپرەك ئىپتىدائىي دىن ۋە توتېم ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ.

قەدىمقى زاماندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جاينىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى، بېشىدىن كوچۈرگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قاراپ ھەرخىل نەرسىلەرنى (ھايۋانات، دەرەخ، ئاي، كۈن ۋاھاكازالارنى) ئۆزلىرىگە توتېم قىلغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىزمۇ قەدىمقى زامانلاردا بۆرىنى توتېم قىلىشقان. «ئوغۇزنامە» دە تۈرك خاقانى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئادەمگە ئوخشاش سوزلىيەلەيدىغان كوك يايلىلىق بۆرە توغرىسىدا ھېكايەقىلىنىدۇ.

ئوبولغازىنىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ، شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇچاغدا خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قاپ-قاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۈشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «ئوغۇزنامە» بىلەن «شەجەرەئىي تۈرك» دە ئېيتىلغان بۆرە توغرىسىدىكى ئەپسانىلارغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاشنا ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكى، بۇ ئۇرۇق ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغانلىقى ئەپسانىغا خاس شەكىلدە ھېكايە قىلىنغان.

بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى توتېم قىلىش شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈركىي خەلقلەر-نىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى ۋە ئېتىقادى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. تۈرك-ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن خاقانلىقنىڭ تۇغلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرگەن ھەمدە خان ئوردىسىنى ساقلاي-

دىغان قاراۋۇللارنى «بورە» دەپ ئاتاشقان، ھازىرمۇ يېزا - قىشلاقلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئۇلۇقلاپ بوينىغا ياكى ياتقان بۆشۈگىگە بورىنىڭ ئوشۇغىنى ئېسىپ قويۇش، سەپەرگە چىققاندا بورەسوڭىكىنى ئوزىگە ھەمرا قىلىش، تۇنجى تۇغۇتتا ئانىنى بورىنىڭ تېرىسىگە ئولتارغۇزۇش، «ئوغول تۇغدى» دىگەننىڭ ئورنىغا «بورە تۇغدى» دىگەن مىتاپورىنى ئىشلىتىش ... قاتارلىقلار ئەشۇ ئىدىيۋى ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچ خىل تۈردىكى ئەپسانىلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس قورۇلۇش شەكلىگە، بەدىئى تەسۋىرى ۋاستىلىرىغا ۋەئوبرازلار سىستېمىسىغا ئىگە. ئۇلار تۈرلۈكچە چۈشەنچە، بىلىم ۋە ئېتىقاتنى ئىپادىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەپسانىلاردا گەرچە فانتاستىك خىيالى ۋەقەلەر ھىكايە قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خوراپاتلىقتىن پەرقى بولىدۇ. چۈنكى ئەپسانە - لاردا ئىنسانلارنىڭ ئاكتىپ خىياللىرى ۋە گۈزەل غايىسى ئەكس ئېتىپ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خوراپاتلىق بولسا، كىشىلەردە ئىدىيۋى قاتماللىق پەيدا قىلىپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات چاقىنى ئارقىغا بۇراش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

## § 2 - رىۋايەتلەر

رىۋايەت ھاياتى ۋەقەلەرنى بەدىئى توقۇلما ياردىمى بىلەن ھىكايە قىلغۇچى، رېئالىستىك خاراكتېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرى بولۇپ، غايىۋى - تېماتىك جەھەتتىن خىلمۇ - خىلدۇر.

رىۋايەتلەر تارىخى ۋەقەلەر ۋە ئايرىم تارىخى شەخسلەر بىلەن باغلىق بولغان ھادىسىلەرنى، ئىجتىمائى ھايات ۋە تۇرمۇش، گېوگرافىك جايلار — سەھرا، كول، چۆل، دېڭىز، شەھەر، يېزا - قىشلاق، قەلئە، ساراي ۋە باشقىلارنىڭ بەرپا بولۇشى ياكى ۋەيران قىلىنىشى ھەققىدە ھىكايە قىلىدۇ. رىۋايەتلەردە گۈزەللىك ۋە نازاكەت، ئەقىل ۋە تەدبىر، ئىشىق ۋە ۋاپا، ياخشىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك، ئوخشاش ئۇلۇغ غايىلەر مەدھىيلىنىدۇ، زۇلۇم ۋە زورلۇق، ئادالەتسىزلىك ئوخشاش ئىجتىمائى ئىللەتلەر پاش قىلىنىدۇ،

رىۋايەتلەر تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تارىخى پاكىتلارغا تايانسىمۇ، لېكىن، يەنىلا بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق بەدىئى توقۇلمىغا ئەمەل قىلغاچقا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى كوزقارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئوزىگە سىڭدۇرۇپ، ئەسلى مەنىسىدىن خىلى دەرىجىدە يىراقلاشقان بولىدۇ. چۈنكى، خوددى گوركى ئېيتقاندەك، :«سەنئەت خىياللار بىلەن ياشايدۇ، پەن خىياللارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.»

ئادەتتە ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىش قىيىنراق،

ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەندە، ئەپسانىدا خىيالى پانتازىيە ئاساسى ئورۇندا تۇرسا، رىۋايەتتە ئەقىلگە سىغمايدىغان خىيالى توقۇلمىلار ئازراق بولۇپ، ئاساسەن تارىخى رېئاللىقنى ئۆزىگە تېما قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، ئەپسانىلار تەرەققى قىلىپ، تەدرىجى ھالدا كىشىلىك خاراكتېرىگە يېقىنلىشىش ئاساسىدا رىۋايەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ سىنىپى جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەتلەردە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، مىللى ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكى، پىسخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى،... قاتارلىقلار بىرقەدەر ئېنىق ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئەپسانىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا مىسال ئالغان «ئىلىيادا» داستانى ئىچىدىكى ھېكايىلار ھەم ئەپسانىلىق ھەم رىۋايەتلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ترويا ئۇرۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى مەلۇم دەرىجىدە تارىخى مەلۇماتلارغا يېقىن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ رېئال تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ترويا ئۇرۇشىغا قاتناشقان قەھرىمانلارغا كەلسەك، ئۇلار يەنىلا يېرىم ئىنسان، يېرىم خۇدالاردىن ئىبارەت ئەپسانىۋى ئوبرازلاردۇر.

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدە تارىخى شەخسلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەر بىۋاستە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇشلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، بەلگىلىك قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىگەخاس ئالاھىدىلىكى ۋە ۋە ئىجادى ئەمگىكى مەدھىيىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى «تومارىس (Tomars) رىۋايىتى» ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ رىۋايەتنى يۇنان تارىخچىسى ھىرادوت (Hiradot) ئوتتۇرائاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە توپلىغان تارىخى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېزىپ قالدۇرغان ۋە شۇ ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. تومارىس ھەققىدىكى رىۋايەتتە قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىسى تارىخى ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە بىرنەچچە ئەل خەلقلىرىنى بېسىپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن زالىم كەيخىسراۋ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 552- يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 486- يىلغىچە ئىرانغا شاھ بولغان) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماساگىتلار① نىڭ پادىشاسى تومارىس ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت بەلگىلىك دەرىجىدە ئىدىيىللاشتۇرۇلغانلىقىغا قارىماي، تارىختىكى رېئال شەخس ۋە ۋەقەلەرنى بەدىئى يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

---

① ماساگىت —— كاسپى دېڭىزىدىن ھىندىقۇش ۋە تىيانشانغىچە كەڭ دائىرىنى ئىگەللىگەن، قەدىمقى گىرىك تارىخىدا ئىسكىفلاردەپ ئاتالغان تۈركى قەبىلىرىنىڭ بىرى.

خەلقىگە مۇھەببەت، ئېلىنىڭ ئازاتلىقى ۋە تىنچ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن كۆرەش، شىجائەت ۋە مەردلىك، باسمىچىلارغا قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئادىللىق ۋە راستچىللىق، ئالىيجاناپلىق ۋە قەيسەرلىك تومارىس توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ باش قەھرىمانىنى خاتىرىلەيدىغان تۈپ خىسلەتلەردۇر. بىز تومارىسنىڭ كەيخىسراۋغا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «... بىز بىلىمىزكى، سەن تېچلىقنى خالىمايسەن، شۇسەۋەپتىن ئەگەر ھەسلەشتىمىزگە كونمەي، ماساگېتلار بىلەن تونۇشۇشنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن. بىزگە ئېيتساڭ، ساڭا كاشىلا قىلماي دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىققا كۆچۈپ كېتىمىز. ئۇچاغدا بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ، ئۇنى بىزگە ئېيت! بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز. ئەمما نامەردلىك قىلما!...» لېكىن زالىم كەيخىسراۋ نامەردلىك قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرماي ھىيلە - مىكىرلىك ۋاسىتىلار بىلەن تومارىسنىڭ ئوغلىنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. ئاخىرى تومارىس كەيخىسراۋ بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قەبىلىسىنىڭ مەنپەتىنى جان تىكىپ قوغداپ ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ. كەيخىسراۋنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ قان بىلەن تولغۇزۇلغان يوغان قاچىغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي نامەرت! جەڭدە سېنى ھالاللىق بىلەن يېڭىپ چىققان بىرئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ، سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ. مەن ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىرەر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ!».

تومارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانىنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ تارىخى قىممىتى زور بولغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ھون دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان «بوكوخان توغرىسىدىكى رىۋايەت»① مۇ تارىخى شەخسلەر توغرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ بىرى. بۇ رىۋايەت پانتاستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، قەھرىمانلىرى ئىلاھىلاشتۇرۇلغان بولىشىغا قارىماي، شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىدىن بىر دەۋرنى بەدىئى ئوبرازلار بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بوكوخان تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس. يەنى مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 841 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بوكوخان ئىسىملىك بىر خان ئۆتكەنلىكىنى تارىخ قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

---

① «بوكوخان توغرىسىدىكى رىۋايەت» — موڭغۇل تارىخچىسى دوسان تەرىپىدىن يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى» دېگەن كىتابقا خاتىرىلەنگەن، دوسان ئۆز خاتىرىسىدە بۇ رىۋايەت پەيدا بولغان ئورۇننى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

قۇدرەتلىك دەۋردىكى خاقانلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، خاقان مۇيۇنچۇر (مىلادى 747 - 759 - يىللىرى) نىڭ كىچىك ئوغلى ھېسابلىنىدۇ. بوكوخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىدىقۇت بولۇپ، مۇيۇنچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادى 760- يىلىدىن مىلادى 780 - يىلىغىچە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان.

بۇ رىۋايەت ئوز دەۋرىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدەبىي يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ھۆججەتتۇر. يۇقۇرقىلاردىن باشقا «شاھنامە»، «شەجەرەئى تۈرك»، «تارىخى رەشىدى»، «قامۇسۇلئەلەم» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلەر ئىچىگە خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە مەيدانغا چىققان تارىخى شەخسلەر ۋە قەھرىمانلار ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن، بۇنداق رىۋايەتلەردە يارىتىلغان قەھرىمان ئوبرازلار «ھەممە دەۋر ئۈچۈن ئورتاق» بولغان «ئولمەس تىپ» لار قاتارىدا خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن گوركىي: «ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ روشەن، بەدىئىلىك جەھەتتە ئىنتايىن مۇكەممەل قەھرىمانلار تىپى خەلق ئىچىدە ئىجات قىلىنىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن ئىجات قىلىنىدۇ»① دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى.

ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ئىچىدە تارىخى شەخسلەر ۋە تارىخى ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن قالسا، يەر-زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن بايان قىلىدىغان رىۋايەتلەر كوپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق رىۋايەتلەر ئارقىلىق تەبىئەت ئالىمىدىكى تاغ-دەريالار ۋە يەر جايلار نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ گىئوگراپىك ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. تەكلىماكان توغرىسىدىكى مۇنۇ رىۋايەتنى كۆرۈپ باقايلى: «. . . شەھرى كېتىك② قەۋمىدىن ئاستىدا قالغان كېيىن، قەۋم ئاپىتىدىن ئامان قالغان خالايىق ئايكول ۋە كۆسەندە③ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. يىللار ئۆتۈشى بىلەن ئەردەۋىلدە④ قۇرغاقچىلىق بالاسى يۈز بەردى، ئاچارچىلىق ئازاۋى جانغا سانچىلدى. كۆسەن خەلقى توپلىنىپ ئەردەۋىلگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى خالايىق بىللە بىلەن سۇ بوغۇزىغا كەلدى. قارىغىدەك بولسا دەريا سۈيى ناھايىتى ئاستىن چۈشۈپتۇ. شەھەرگە سۇ چىقىرىشنىڭ ئېھتىمالى يىراق، ئاخىرى ھەممە خالايىق تاش-تۇپراق توپلاپ دەرياغا تاشلاشقا باشلىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا لىق تولدى. دەريا بولۇنۇپ سۇ ئەردەۋىل تەرەپكە ئاقتى. سۇنىڭ مەۋجىدە بىر موللا بىلەن بىر موغۇل ئېقىپ كەتتى. خەلقنىڭ پېشۋاسى خالايىققا قاراپ: «موللىنى تۇتۇپ ئېلىڭلار، موغۇل ئاقسۇن»، دېدى. شۇندىن باشلاپ بۇ يەر «ئاقسۇن» دەپ ئاتالدى.

---

① م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە، 104 - بەت.

② كېتىك شەھرى — تەكلىماكان ئىچىدىكى قەدىمقى بىر شەھەر نامى.

③ كۆسەن - كوچار. ④ ئەردەۋىل — ئاقسۇ.

كېيىن ئاستا-ئاستا «ئاقسۇ» دەپ ئاتىلىپ قالدى.»①

بۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدا، تەكلىماكاننىڭ سىرى، لوپنور كۆلىنىڭ خاسىيىتى، تەڭرى تاغلىرى، تىيەنچى كۆلىنىڭ پەيدا بولۇشى... قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، پسىخىك ھالىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىلمۇ-خىل رىۋايەتلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ شۇ خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپلىگەن رىۋايەتلەر مەۋجۇت.«... ئۇرۇشتىن كېيىن ئوغۇزخاقاننىڭ ئەسكەرلىرى، نەۋكەرلىرى ۋە خەلقى شۇنچىلىك كۆپ مال-مۈلۈك ئولجا ئالدى-كى، ئۇلارنى ئارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئات، خېچىر، ئۆي ئازلىق قىلدى. ئوغۇز خاقاننىڭ قوشۇنىدا بىر ماھىر، ئىشچان، ئۇستا كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ نامى بارمالۇق جۇسۇن بىللىك② ئىدى. بۇ ئۇستا بىر ھارۋا ياسىدى، ھارۋا ئۈستىگە مال مۈلۈكنى قويدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تىرىك ئولجا (ئەسىر)نى قاتتى ۋە تارتىپ ئېلىپ كەتتى. نەۋكەرلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ ئالدىراش ھارۋا ياساشتى، بۇ ھارۋىلار يۈرگەندە «قاڭغا، قاڭغا» دەپ ئاۋاز چىقىراتتى. شۇڭا ئۇلارغا «قاڭغا» دەپ ئات قويدى. ئوغۇزخاقان ھارۋىلارنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە «قاڭغا ھارۋا بىلەن ئۆلۈكنى تىرىك يۈرگۈزسۇن، سېنىڭ ئېتىڭ قاڭغالۇق ③ بولۇپ ھارۋىنى ئەسلەتسۇن، دېدى ۋە ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...»④

«ئوغۇزنامە» ئىچىدە تۈركى قەبىلىلەر ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم نام بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەشۇ خىل رىۋايەتلەر ئاساسى سالماقنى ئىگەللەيدۇ، بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي چىنلىقىدا مۇقەددىمە-ئاخىر بولمىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، بولۇپمۇ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، رىۋايەتلەر مەلۇم جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى تارىختا قارىغاندا خېلى كۆپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇ كىشىلەردە شۇ تارىخىي ۋەقە توغرىلىق مەلۇم چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ،

---

① بۇ پارچە-موللا مەھەممەت تۆمۈر قاراقاش تەرىپىدىن 150 يىل بۇرۇن يېزىلغان «تەزكىرەرشاد» ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.

② كىشى نامى — مەنىسى «كېتىپ بېرىپ بىلگۈچى» دېگەن بولىدۇ.

③ قاڭغالۇق — قاڭقىللى قەبىلىسىنىڭ ئاللېگورىك ئوبرازى، قاڭقىللار قەدىمقى تۈركى قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە «گاۋچاڭ» لىقلار (高车) دېيىلىدۇ.

④ بۇ پارچە «ئوغۇزنامە» داستانىدىن ئېلىندى.

ھەتتا تارىخىي تەزكىرىلەردە زىكرى قىلىنغان ياكى ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاراكتېرى بورمىلانغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرمۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغاچقا تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشىنىشتە ياردەم بېرىدۇ. ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىلاسسىك ئەسىرىدە: «ئىنسانىيەتنىڭ شۇنداق ئۇزاق تارىخىنى، تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈ-رۈش، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن رىۋايەتنىڭ ئىنتايىن مول تارىخىي ماتېرىيال بەرگەن» لىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك. لېكىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقەلەر شۇ تارىخىي جەرياننى مۇلاھىزە قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇكى، ھەرگىز تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى رىۋايەتلەرنىڭ سيۇژېتى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تارىخ چىنلىقى بىلەن پانتازىيە ئۆز ئارا بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «پۈتۈن گىرېتسىيە رىۋايەتلىرى — ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بولغان قەدىمقىلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان.» شۇ سەۋەبتىن ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغان رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل مۇرەككەپلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. رىۋايەتلەر ئىخچام، پۇختا سيۇژېتلىق، ئىككى-ئۈچ ئېپىزوتتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئەمما ئۆزگەرمەس، مۇتلەق كومپازىتسىيىگە ئىگە ئەمەس. ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەر گويا تۈگەللەنمىگەندەك، كورگەن-بىلگەنلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. بۇنداق ھادىسە رىۋايەت جەريانىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە پاكىت ۋەقەلەردىن دېرەك بەرمەي، پەقەت شەخس نامى ياكى ئۇنىڭ بىرەر بەلگىسىنىلا ساقلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

## § 3 - ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى

ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپە ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، ئەلۋەتتە بىر خىل مۇرەككەپ ئىلمىي ھادىسە، چۈنكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىملىرىمۇ ھەر خىل.

بەزىلەر قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىككە قاراپ، ئۇنى قارا - قويۇقلا ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان «ئولىمپوس تېغىدىكى خۇدالار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پېشۋاسى زېۋس» دەك «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان»، ھەممىگە قادىر ۋە قابىل «خۇدا»لار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ «خۇدا»لار

ئەملىيەتتە تەبىئەت كۈچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي مايىللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ كېيىنچە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قويۇق ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ «خۇدا»لار ياكى ئىدىئاللاشقان قەھرىمانلار «خۇدا» بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلغان «يېرىم ئىنسان»، «يېرىم خۇدا» دۇر. شۇڭا ئەپسانە - رىۋايەت-لەردىكى «ئىلاھ» ياكى «ئىلاھىي كۈچ» ئەژدادلىرىمىزنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستىراكت، مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياھەققىدىكى تونۇشىنىڭ سوبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مۇئەييەن تارىخى دەۋردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پىكىرقىلىش شەكلى، شۇنداقلا ئەشۇ چاغدىكى تارىخى رېاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئالاھىدە ۋە ئوبرازلاشقان ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەيدا بولغان بىردىن - بىر «دىنى ھەققەتچىلىك» ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمدىن روشەن پەرق قىلىدۇ.

مەلۇمكى، دىن بىر خىل ئىدىئولوگىيە پورمىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىش، ئۆزگۈرۈپ راۋاجلىنىش جەريانلىرىدا ئەينى زامان مۇھىتىدىكى رېال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ۋە ئۆز دەۋرىدە ساقلانغان ئالەم قاراشلىرى-نىڭ بەلگىلىك تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى دەۋر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشلىرى دىن بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

ف. ئېنگېلس: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدىئولوگىيەنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي - قانۇنشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا شۇچاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى؛ بۇ پۈتۈنلەي دىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى دىنى تون كېيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ھەقىقەتەن قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە گەۋدىلەنگەن دىنى كۆزقاراشلار ئۇنىڭ سىرتقى چاپىنى بولۇپ، ئەينى زاماندىكى دىنى ئىدىئولوگىيە ئېقىملىرىدا غەيرى دىنى مېغىزلارنىڭ سالمىقى ئاساس-لىق ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى شامانىزىم دەۋرىدە پەيدا بولغان ئەپسانە- رىۋايەتلەردە شامان ئېتىقادى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغانغا ئوخشاش، ئۇنىدىن كېيىنكى زەردەش (ئاتەش-پەرەستلىك) مانى، بۇددا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەتى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ دىنى ئىدىئولوگىيەلىك قاراشلىرىدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇ كوپ خىل دىنى ئېيتقاتلار ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئاساسى گەۋدىسى ۋە تەلىماتلار سىستېمىسى ئىتۋارى

---

① ف. ئېنگېلس: «ليودۋىگ فېيرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى». ئۇيغۇرچە نەشرى، 86 - 87- بەت.

بىلەن ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى شارائىتىدا ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك تۈس ئالغان مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئاز بولمىغان ئىلغار ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىگىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.

«ئىككى تىگىن رىۋايىتى» دىكى ئاق كۆڭۈل تىگىننىڭ ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ موجىزىلىرى ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرى ۋە پەلسەپىۋى قارىشىنى كام دېگەندە ئوبيېكتىپ ئېتىقاتچىلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىشكىلا مۇمكىن. خەلقىمىزنىڭ بۆرە توغرىسىدىكى «تۆتەم ئەپسانىسى» نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىمۇ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمدىن ئىبارەت. «گېگېلمۇ① ئۆز ساھەسىدە ئولىمپوس تېغىدىكى زېۋس ئىدى.» ② لېكىن ماركس بىلەن ئېنگېلس ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ بۇۋىسى بولغان گېگېل پەلسەپىسىنى بىريولىلا «ئەكسىيەتچى ئىدېئالىزم» دەپ ئاددىي ھالدا چۆرۈۋەتمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، گېگېل پەلسەپىسىنىڭ «ئەقىلغا مۇۋاپىق مېغىزى» ماركسىزملىق پەلسەپە — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇھىم ئىدىيىۋى مەنبە بولۇپ قالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئوغۇز رىۋايەتلىرىدىكى باش قەھرىمان ئوغۇز خاقاننىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان شەيئىلەرگە بولغان قاراشلىرىدا ماددىنى بىرلەمچى ئورۇنغا قويىدىغان بىرمۇنچە ئامىللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئوغۇزخاقان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان قەبىلىلەر نامىنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسلىرى، ئوغۇز نەسەبنامىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئوبيېكتىپچانلىقى... قاتارلىقلار. بۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئۈندۈرمە بىخلىرىنى داۋاملىق تۈردە مۇپەسسەل مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى پەلسەپىنى ئىككى لاگېرغا بۆلگەندە، ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسى ماددىي دۇنيانىڭ مەنبەئى دەپ چۈشۈنۈش بىلەن، ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسى روھىي دۇنيانىڭ مەنبەئى دەپ چۈشۈنۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئوغۇز رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھىيەتچىلىك (روھىيەتچىلىك) قاراشلىرى؛ مەسىلەن، ئوغۇزخاقاننىڭ تەڭرىگە سېغىنىشى، مۇراسىم قائىدە-نىزاملىرى، تۇغۇلىشى بىلەنلا يېرىم ئىلاھلاشتۇرۇلىشى، ... قاتارلىقلار، ئەلۋەتتە ئىدېئالىزم ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ يەنە ئوغۇز خاقاننىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ رېئاللىق خىيالى ۋاستە ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن.

دېمەك، قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى مۇھاكىمە قىلغان

---

① گېگېل — (770 - 1831) نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلى. ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمچى.

② ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» 1975-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 16-بەت.

چاغدا ئۇنى ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى سىنىپىي ۋە سىياسى كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دىن ۋە ئىدىيالىزمنىڭ ئورتاق نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قارىمىغاندا، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە ئىستېتىكىلىق رولى بىلەن ئىدىيىۋى، پەلسەپىۋى رولى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق پەيدا بولۇپ، ئەھمىيەتسىز، چاكىنا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئىدىيىۋى، تارىخىي، بەدىئىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك لازىم.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمقى خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىتى سۈپىتىدە ئۇزدەۋرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان جانلىق شاھىدى بولۇپ، مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس پىرامىدىسى. مانا بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ھېساپلىنىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئەڭ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئالىمى توغرىسىدىكى تونۇشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي دۇنيا قاراشلىرىنى چۈشۈنۈش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتا، بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى بىردىن بىر ئاساس — ئەنە شۇ قەدىمقى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئىكەنلىكىنى زادى ئىسىمىزدىن چىقارماسلىمىز لازىم.

# 12 - باپ

## ھىكايە - چوچەكلەر

ھىكايە - چوچەكلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇھىم ژانىرلارنىڭ بىرىسى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان سەنئەت شەكلىدىكى ئاغزاكى ھىكايىلاردۇر. يەنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى خىيالى ھالدا كۆلكۆلۈك ۋە قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى چوچەك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى ھىكايە - چوچەكلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئەڭ بۇرۇن ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە ھايۋاناتلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھايۋاناتلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھايۋانات چوچەكلىرى ئىجات قىلىندى. ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن بۇ خىل چوچەكلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، ئۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ رىياللىققا قارىتا پوزىتسىيىسىنى، ئۇلارنىڭ بەختىيار ھايات ئۈچۈن بولغان كۈرەش روھى ۋە كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ھىكايە - چوچەكلەرنىڭ مەزمۇنى رىياللىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭدى.

بىزگە مەلۇم بولغان ھىكايە - چوچەكلەردىن يالغۇز سىنىپىي جەمئىيەتتىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئادىتى، پسىخولوگىيىسى، ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ ئىزىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە كېيىنكى ھىكايە - چوچەكلەردىن سىنىپىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە غايىسىنى كورەلەيمىز. بولۇپمۇ پرولېتارىيات سىنىپىي رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە پەيدا بولغان خەلق ئارىسىدىكى ھىكايىلار ئارقىلىق كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى تۇرمۇش ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى رۇشەن كورىمىز. قىسقىسى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان ھىكايە - چوچەكلەر ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي باسقۇچ ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىنى، سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە سىنىپىي قاراشلارنى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلق ھېكايە-چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى شۇ يەردىكى، ئۇ بىرىنچىدىن ئوبراز يارىتىشتا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، قايسى خىلدىكى ھېكايە-چۆچەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى خىيالى بولسىمۇ، لېكىن رىياللىققا زىچ تەدبىقلانغان بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا رىيال ۋەقە ۋە كونكرېت ئادەملەرنىڭ خاسلىق بەلگىسى بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ يالغان قۇرۇلمىسى بىلەن رىيال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىن: „ھەر بىر چۆچەكتە ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار، ئەگەردە سىلەر بالىلارغا تەقدىم قىلغان چۆچەكلەردە خوراز بىلەن مۈشۈك ئادەمزات تىلىدا سۆزلىمەيدىغان بولسا، ئۇنداق چۆچەكنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە قىزىقى بولمىغان بولاتتى» دەيدۇ. ھەقىقەتەن چۆچەكلەردە مەيلى ھايۋاناتلار ياكى ئۇچار قۇشلار، مەيلى تاغ-دەريالار ياكى دەل-دەرەخلەر، مەيلى قۇرۇت قوڭغۇزلار ياكى ئورگانىك جىسىملار تەسۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرى ئادەملەرچە قىلىقلاندۇرۇلىدۇ، تەبىئەت دۇنياسى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قويۇق سىمۋوللىستىك ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق روشەن ئىجتىمائىي مەزمۇن ئەكس ئېتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بەدىئىي قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، تىلىنىڭ ئاددىي-ساددىلىقى ۋە ئىخچام، ئاممىباپلىقى، سيۇژېتلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى ۋە قىزىقارلىقى، ۋەقەلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە يۇمۇرىستلىكى، ئوبرازلىرىنىڭ مەنتىقىلىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ روشەن بەدىئىي ئالامەتلىرىدۇر.

بەشىنچىدىن، خەلقنىڭ ھېكايە-چۆچەكلىرى مەزمۇن جەھەتتىن قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە يەنە ئايرىم توختىلىمىز. ئومۇمەن يۇقۇرقى بەلگىلىرى ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

چۆچەكلەرنىڭ ژانىر خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلىگەندە، ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ تۆۋەندىكى قاراشلىرىنى ئاساس قىلىش مۇمكىن: «چۆچەكلەردە ھەممىدىن „ئويدۇرما" ھادىسىلەرنى ئالدىن ئالا كۆرۈپ بىلگۈچى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيىتى خاراكتېرلىكتۇر. چۆچەكلەردە خىيالى «ئۇچار گىلەم»نى ئايروپىلانلار ئىختىرا قىلىنىشتىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى، پاراۋوز، گاز، ئېلېكتىر ماتورلار دۇنياغا كەلمەستىن بىر-مۇنچە ۋاقىت ئىلگىرى بىلگەن ئىدى... پىكىرىمىزچە، ئىنساننىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى —... „پەرەز"نى ھەم فانتازىيە، „ئويدۇرما" ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ تەرەپلىگەن».①

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدىكى، فانتاستىكا-چۆچەكلەرنىڭ مىزانى، ئۇنىڭ جېنى ۋە قېنىدۇر.

چۆچەكلەر فانتاستىكىنىڭ تۇتقان ئورنىغا قاراپ ئىككى تۈركۈمگە بولىنىدۇ. بىرىنچى

① گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت، 1962-يىل نەشرى. 319-بەت.

تۈركۈمگە فانتاستىكا ئېلېمېنتلىرى ئۈستۈن بولغان چۆچەكلەر، ئىككىنچىسىگە فانتاستىكا ئېلېمېنتلىرى كۆچسىزرەك ياكى ئومۇمەن بولمايدىغان، رېيال تۇقۇلمىلار ئاساسىدا يارىتىلغان چۆچەكلەر كىرىدۇ. ھايۋانات چۆچەكلىرى بىلەن سېھرى چۆچەكلەرنىڭ سيۇژېتى كۆپرەك فانتاستىك ۋەقەلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان. تۇرمۇش مەئىشەت چۆچەكلىرى ۋە ھەجۋى چۆچەكلەرنىڭ سيۇژېتى ئاساسەن ھاياتى ۋەقەلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى تۈركۈمدىكى چۆچەكلەر ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى چۆچەكلەر ئاساسەن ئىجتىمائى مەزمۇننى ئىپادە قىلىدۇ.

فانتاستىك ئويدۇرمىلار ھايات ھەقىقىتى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، قەدىمى ئىپتىدائى چۈشەنچە، ئۆرپ-ئادەت، مۇراسىملارنىڭ ئىزلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى ھەر بىر ئويدۇرمىنىڭ زېمىنىدا رېيال ۋەقەلىك ياتىدۇ. ۋ. ئى. لېنىن ئېيتقاندەك: «ھەر قانداق چۆچەكتە ھەم ھەقىقەت ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ»①. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «چۆچەكلەر ھېچ ۋاقىتتا بىكارچى ئەھمىيەتسىز نەرسە ئەمەس، ئۇلار ھەممە ۋاقىت زور ئىجتىمائى ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى چۆچەك ۋە ئەپسانىلاردا ھەمدە بۇ باي ژانىرنىڭ تۈرلۈك كورۇنۇشلىرىدە ئۇ ياكى بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائى، ھاياتى كۆرەشلىرى، خەلق مەنپەئەتلىرى ئۆزىنىڭ بەدىئى ئىپادىسىنى تاپقان.» ②

چۆچەكلەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. بۇ ھەقتە ماكسىم گوركى: «دۇنيادا ئىبرەت بولمايدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئۆزىدە «دىداكتىكا»، ئىبرەت ۋاستىلىرىنى مۇجەسسەملەندۈرمىگەن بىرەرمۇ چۆچەك تېپىلمايدۇ»③ دېگەن ئىدى. چۈنكى چۆچەكلەرمۇ ئۈستقۇرۇلمىغا تەئەللۇق بولغان بىرخىل ئىدىئولوگىيە فورمىسى بولغاچقا، بۇ ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، روھى ھالىتى، ئۆرپ-ئادىتى ئىجتىمائى شارائىت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە خاس فورمىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئىجابى ۋە سەلبى ئوبرازلار نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخىنىڭ ئىجتىمائى كوز قاراشلىرىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت.

بولۇپمۇ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسەن قۇللۇق جەمئىيىتى بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا سىنىپى مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن سىنىپى زىددىيەتلەر بىر قەدەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

---

① «ۋ. ئى. لېنىن تاللانما ئەسەرلەر توپلىمى» 36 - توم. 1978 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 21 - بەت.

②. م. ئەۋزوپ: «خەلق چۆچەكلىرى» ئالموتا، 1961 - يىل. روسچە 319 - بەت.

③ م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت، 1962 - يىل، 319 - بەت.

كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە يېتىم قىز، تاز يىگىت ئەقىل پاراسەت ۋە دانىشمەنلىكىنىڭ ۋەكىلى، بايلار، قىرى روھانىيلار دۆتلىكىنىڭ ۋە كالۋالىقىنىڭ ۋەكىلى، ئەجدىھار، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار بولسا ئاچكۆز زالىملار ۋە ئەزگۈچىلەرنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چۆچەكلەر ھازىرمۇ بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ھەمىشە دېگۈدەك ھەققانىيەتنىڭ ۋەكىللىرى ھامان غەلىبە قىلىدۇ. خۇددى رومانتىزمىنىڭ ئاساسى رېئالىزم بولغىنىدەك، خەلقىمىزنىڭ كېلىچەككە بولغان گۈزەل غايىسى ۋاستىلىق ھالدا رېئال تۇرمۇش بىلەن باغلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۈمۈتۋارلىق روھ بېغىشلايدۇ، داۋاملىق ئالغا قاراشقا يېتەكلەيدۇ. ماكسىم گوركى ئۆزىنىڭ چۆچەكچى مومىسى ھەققىدە يازغان خاتىرىسىدە: «ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن خۇددى قاراڭغۇ جايدا ئۇخلاپ ياتقان ئىدىم، ئۇ كېلىپ مېنى ئويغاتتى ۋە يورۇقلۇققا چىقاردى» دېگەن ئىدى.

دېمەك، خەلق چۆچەكلىرى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ھاياتقا ئۈمۈتلۈك قاراشتەك ئوپتىمىزملىق روھ تۇرغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق چۆچەكلىرى يەنە يازما ئەدەبىياتىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ يازما ھېكايىچىلىق تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇلۇغ رۇس شائىرى ئا. س. پۇشكىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ ئىجادى ئەمگىكى خەلق چۆچەكلىرىنى ئۇنۇملۇك ئىجادى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر. شۇنداقلا دۇنيادا مەشھۇر ئاتالغان قىسسە، داستانلارنىڭ سيۇژېتىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن خەلق چۆچەكلىرىدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار بار.

بىز ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرىگە قارىساق ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ناھايىتى يېقىنلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ ئەمەلى پاكىتلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئى قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھامان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنى ئۇزۇقلاندۇرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان ياردەمچى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خەلق چۆچەكلىرى بەدىئى تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ يالغۇز تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە، يەنى ئۇ كىشىلەردە روشەن بەدىئى زوق پەيدا قىلىپ، ھاياتقا خۇشخۇي مەزمۇن بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق چۆچەكلىرى بىر خىل تەبىئى كۈچ بىلەن ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان سەنئەت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تارى-

خى رولى، پەلسەپىۋى قىممىتى، ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى قاتارلىق بىر تۇتاش ئەۋزەللىكلىرى ئۈگىنىشكە ۋە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىدۇ.

چوچەكلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇ-خىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىپادىلەش شەكىللىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاچقا، ئۇنى تۈرلەرگە بولۇش بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. خەلقارادىمۇ تېخى ئىلمىي مۇھاكىمىدىن ئوتكەن بىر قەدەر مۇقىملاشقان تۈرلەرگە ئايرىتىش ئۇسۇلى يوق. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇ يەردىكى خەلق چوچەكلىرى ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كوپلىگەن ھادىسىلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئوتۇش جەريانىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى كوپ ئوزگىرىشلەرگە ئىگە بولغان، ئوخشاش بىر چوچەك بەزىدە تەمسىل، مەسەل خاراكتېرىگىمۇ، سېھرى خاراكتېرىگىمۇ شۇنداقلا يەنە ھايۋانات چوچەكلىرى خاراكتېرىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئوبىكتىپ ئەھۋاللار چوچەكلەرنى تۈرگە بولۇشتە ھەمىشە قىيىنچىلىقلار پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بىز پەقەت چوچەكلەرنىڭ ئوبراز ئالاھىدىلىكلىرى، غايىۋى مەزمۇنى ۋە توقۇنۇش ئالاھىدىلىكى، سيوژىتى ۋە كومپازىتسىيىسى، فانتاستىك توقۇلمىلارنىڭ ئورنى ۋە خاراكتېرى ھەمدە تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ شەرتلىك رەۋىشتە، ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەر، سېھرى (خىيالى) چوچەكلەر، تۇرمۇش — مەئىشەت چوچەكلىرى، مەسەل خاراكتېرلىق ھەجۋى چوچەكلەر دەپ تورت تۈرگە بولىمىز. ھەر قايسى تۈردىكى چوچەكلەر يەنە ئوز ئىچىدىن بىر قانچە خىلغا بولىنىدۇ.

## §1 - ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەر

خەلق چوچەكلىرى ئىچىدە ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەر ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەر قەدىمقى زامانلاردا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، دۇنيا قارىشى، تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئىپادىلەنگەن. ھايۋان بىلەن باغلىق بولغان ئىپتىدائى چۈشەنچە، پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر، ھاياتى دېتاللار ھايۋانلار ھەققىدە بارلىققا كەلگەن چوچەكلەرنىڭ سيوژىتى ۋە ۋەقەلىرىنىڭ تەشكىل تېپىشىدا ئاساس بولغان. ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا ئوتۇش جەريانى ئىنسان ھاياتىدا كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىدى. بۇ دەۋردىكى ئىنسان ئوزىنى ھايۋاندىن پەرقلەندۇرۇپ قاراشنى چۈشۈنىشى مىفولوگىك چۈشەنچىلەرنىڭ يىمىرىلىشكە سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلاردا ئوزىگە بولغان ئىشەنچ پەيدا بولدى ۋە ھايۋاناتلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئەنە شۇ جەريان ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەردە ئىنسانلارنىڭ ھايۋاناتلار ئۇستىدىن غالىب كېلىشتەك يېڭى غايە چۈشەنچىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ھەتتا توتېم سانىلىپ كەلگەن ھايۋانلارمۇ ئاستا-ئاستا سەلبى پېرسوناژغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىنسان ئۈچۈن كوپرەك پايدا كەلتۈرىدىغان

ئۆي هايۋانلىرى ئىجابىي ئوبرازغا، ياۋايى هايۋانلار بولسا سەلبىي ئوبرازغا ئايلانىدى. كېيىنچىرەك هايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز مەنىسىنى يوقۇتۇپ، كۆچمە مەنانى ئىپادىلەيدىغان بولدى. يەنە بەزى قوي، ئۆچكە، كالا ئوخشاش هايۋانلار ئارقىلىق ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك كىشىلەرنىڭ ئوبرازى، بۆرى، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار ئارقىلىق ئاچكۆز، ياۋۇز، ئالدامچى، مەككار كىشىلەرنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەندى.
هايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي ئاتېمىستىك، توتېمىستىك چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق رەۋىشتە ئات، قوي، ئۆچكە، كالا ئوخشاش ئۆي هايۋانلىرى، يولۋاس، بۆرى، ئېيىق، تۈلكە ئوخشاش ياۋايى هايۋانلارنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ۋە ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھېكايە قىلىنىدۇ.

خوددى ئېنگېلس ئالمىي ياكوپ گىرىممى ئېيتقاندەك، ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر هايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار هايۋانلارنىڭ ئالامەت خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈپ، ئويلاپ، خىيال سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئىزدىگەن. تەبىئەت كۈچلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىش، بويسۇندۇرۇش ياكى ئۇلارغا قارشى كۆرىشىش چارىلىرىنى ئىزلەش جەريانىدا توتېمىستىك چۈشەنچىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. يەنى ئىپتىدائىي ئىنسانلار بەزى سەزگۈر ۋە زور كۈچكە ئىگە بولغان هايۋانلارنى گويا ئۆز ئەجدادى دەپ مۇقەددەس ساناپ، ئۇنىڭغا سېغىنغان، ياۋۇز كۈچ ۋە ئاپەتلەردىن ھىمايە قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان. شۇنداق قىلىپ زور كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولغان بەزى هايۋانلار توتېم سانالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر تۈركۈم چۆچەكلەردە ئۇ ياكى بۇ هايۋانلار توتېم شەكلىدە — ئائىلە، ئۇرۇغ، قەبىلىلەرنىڭ ئاساسچىسى ۋە ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ھېكايە قىلىنىدۇ. سەزگۈر ياكى زور كۈچكە ئىگە بولغان بۇ هايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، مەدھىلەش، ئۇلارغا سېغىنىش مەزكۇر تۈركۈمدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسى تېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، هايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تېمىسى يالغۇز توتېم چۈشەنچىسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭدا ئەمگەك ۋە ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىق بولغان ئامىللار بۇ خىل چۆچەكلەردىكى فانتازىيىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئىجتىمائىي غايىنىڭمۇ ئاساسى بولىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەر باي سىمۋوللۇق ۋە قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىغا بولغان نارازىلىقىنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ھۆكۈمران كۈچلەرگە ۋە بارلىق بۇزۇقلارغا بولغان نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەكچانلىق روھى، ئەقىل-پاراسىتى، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش ئىستىلى، گۈزەل ئەخلاقى-پەزىلىتى مەدھىيىلىنىدۇ، خەلقنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى، بەختلىك ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش غايىسى تەسۋىرلىنىدۇ.

خىيالى چۆچەكلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئېنىق، تېمىسى ۋە مەزمۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك،

شەكلى ئاددى، قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە قىزىقارلىق، جەلىپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدا كۆپرەك ئىنسانلار بىلەن ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئوخشىمىغان تارىخى باسقۇچتىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشىنىشى ۋە تونۇشى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

خىيالى چۆچەكلەردە ھايۋاناتلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرلىرى روشەن سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ھايۋاناتلارنىڭ مىجەزى ۋە فىزىلوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى گەرچە مەۋجۇت ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا فانتازىيىلىك توقۇلمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا گەرچە ھايۋاناتلار ئاساس ئوبراز قىلىنسىمۇ، لېكىن ھايۋاناتلارنىڭ تۇرمۇشى بىئولوگىيىلىك يوسۇندا بايان قىلىنماستىن، بەلكى ئادەملەرچە قىلىقلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئىدېئولوگىيىلىك تۈس بېرىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئەگرى-بۈگرى يوللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھايۋانات چۆچەكلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە ئەسلىدە ھايۋاناتلارغا خاس نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرىدە مەۋجۇت بولىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ، ھايۋاناتلارنى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق ئىشارىلىك ئىپادىلەنگەن.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق، ۋەھشىلىك بىلەن يۇۋاشلىق، زىيانلىق بىلەن پايدىلىقتەك ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت بولۇپ ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتكە ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۆتمۈشتە ئەمگەكچىلەر ئاممىسى دائىم بىگۇناھ، يۇۋاش قوزىچاقنىڭ ياۋۇز بۆرىگە يەم بولغىنىدەك («بۆرى بىلەن قوزىچاق»)، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ «يەمى» سۈپىتىدە خورلىنىشقا دۇچ كەلدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھايۋانات چۆچەكلىرىنى ئىجات قىلىشتا، ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەرخىللىقىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەمدە بۇ ئارقىلىق مەزلۇم-ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋاناتلار مۇناسىۋىتىدە ۋەھشى، يىرتقۇچ ھايۋانلار (يولۋاس، بۆرى، يىلۋىز، تۈلكە ...) نىڭ يىرتقۇچ بولمىغان ئاجىز ۋە يۇۋاش ھايۋانلارنى (قوي، ئۆشكە، ئات، كالا ...) بوزەك قىلىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يەم قىلىش بىر خىل تەبىئىي ۋە ئوبيېكتىپ ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن بۇخىل مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھايۋاناتلار چۆچىكىدە ئىش ھامان ۋەھشى، يىرتقۇچلار ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئاجىز ۋە يۇۋاش ھايۋانلار پەم-پاراسەتكە تايىنىپ ھەمىشە بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان ۋەھشى يىرتقۇچلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال گەرچە رىياللىقتا ئىشقا ئاشمىقى تەس بولغان ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي غايىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە چۆچەكلەرنى تېخىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي

ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خىيالى چۆچەكلەردىكى ھايۋاناتلار ئوبرازى يەنىلا خەلق تەرىپىدىن رىياللىق بىلەن خىيالنى بىرلەشتۈرۈپ ئىجات قىلغان ئىككىلەمچى ئوبراز ھېساپلىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار ھەم ھايۋانلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ئومۇملاشتۇرۇلغان ھەم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ ئادەملەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ بىرلىكى، شۇنداقلا رىياللىق بىلەن فانتازىيىنىڭ بىرلىكىدۇر.

ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى مەركىزى ئىدىيە ئۇنىڭدىكى ئوخشىمىغان ھايۋانلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا زوراۋانلىق قىلغۇچى ياۋۇزلارنىڭ تىپى يولۋاس، بۆرى، يىلپىز، ئىلان، قارا قۇش... ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يۇۋاش، مىسكىنلەرنىڭ تىپى قوي، كالا، بۇغا، توشقان، كېيىك، ئولاي قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ھىلىگەرلەرنىڭ تىپى تۈلكە، مايمۇنلار بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ئاق كۆڭۈللەرنىڭ تىپى سېغىز خان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، شۇملۇق تىلەكچىلەرنىڭ تىپى ھوقۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ۋاھاكازالار. بۇ تىپلار ئەشۇ خىل ھايۋانلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرى بىلەن بىر قەدەر زىچ باغلانغان. لېكىن ھايۋانات چۆچەكلىرىدە يەنە بۇنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ؛ بەزى ھايۋاناتلار ئوخشىمىغان شارائىتتا ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىقلاردا خىلمۇ-خىل سەۋەپلەر بار، ئوخشاش بولمىغان خەلقلەر، ئوخشاش بولمىغان جايلار، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلار ۋە تارىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرى كىشىلەرنىڭ بىر خىل شەيئىگە ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتىشىغا سەۋەپچى بولغان. شۇنداقلا بىر خىل ھايۋاننىڭ ھەر خىل چۆچەكلەردىكى ئورنى، مۇناسىۋىتى، ھەركىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: چاشقاننىڭ ئوبرازى ئادەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇر توقاي، سۇر توقاي» قىلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇك چاشقان يەپ كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن. لېكىن ئەمگەكچىلەر ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى پاش قىلىش ئېھتىياجى بىلەن مۇشۇك بىلەن چاشقان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋەتتىن پايدىلانغاندا، ھېمىشە مۇشۇك يالغان شەپقەتچىنىڭ ئوبرازىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چاشقان بولسا ئالدانغۇچى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، («چاشقانلارنىڭ سوھبىتى») دەرۋەقە، خاھىش جەھەتتىكى مۇنداق ئۆزگىرىش ھېكايە ئىجاتچىسىنىڭ مەقسىدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا شۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خۇلقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، چۈنكى بىر ھايۋاننىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ھامان كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا كىشىلەر يولۋاسنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىپادىلىگەندە، ئۇنىڭدىكى مەنا ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى يولۋاسنىڭ ئوبرازىغا

ئوخشاش بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدا باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ يولۋاسنى ئاتايدۇ. خورازنى تاڭنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەپلىك تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى تۆتىمى بويىچە بورىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنى يولباشلىغۇچى، نىجاتلىق بەرگۈچى، جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ. ئومۇمەن دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچنىڭ ئۆزگىرىشى ھايۋانات چۆچەكلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دېمەك، ھايۋانات ھەققىدىكى مەلۇم بىر چۆچەكنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئۇنىڭ بىرخىل ئالاھىدىلىگى ۋە بىر خىل خاراكتېرىنىلا كۆزدە تۇتماي، ۋاقىت، شارائىت، ماكاننىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەشۇ خىل چۆچەكتىكى مەركىزى ئىدىيىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردە تۇتىشىمىز لازىم.

يەنە كۆپلىگەن خىيالى چۆچەكلەردە ئىپتىدائى جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان قەدىمقى قاراشلىرى، بەدىئى ئوبرازلىرى ۋە سىيۇژىتلىرى ساقلانغان. بۇ ھال بىزگە خىيالى چۆچەكلەر بىلەن قەدىمقى دەۋرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشى، ئىدىئولوگىيىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خىيالى چۆچەكلەردىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر بۈگۈنكى كۈندە قارىماققا ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە ھادىسىدەك سېزىلسىمۇ، ئۇ قەدىمقى جەمئىيەتتە ئەمەلىي مەۋجۇت مەسىلىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چۆچەكلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئالاھىدىلىگىنى چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىشىمىز لازىم.

ھايۋانات چۆچەكلىرى يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىگى بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئارا باغلانغان بولىدۇ، ھەممە ھەر ئىككىسى خەلقنىڭ ئۆز ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئى ۋاستە بولۇپ، ئۇلاردا ئومۇمەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئورتاق ئىپادىلىنىدۇ.

ھايۋانات چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىگىگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ بالىلارنى قىزىقتۇرۇپ ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ زېھنى قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

ھايۋانات چۆچەكلىرىنىڭ بەزىلىرى تەمسىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق چۆچەكلەرنى ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا خەلق مەسەللىرىدىن پەرقلەندۈرۈش قىيىنراق.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر خىيالى ئويدۇرما ۋەقەلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە ھايۋاناتلار دۇنياسى ئىنسانلار بىلەن بىر ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە توقۇنۇشىدۇ، ئادەملەرچە قىلىقلاندۇرۇلىدۇ. ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەردە باشتىن ئاياق بىر پىكىر يەنى، زورلۇق، جىسمانى كۈچلۈكلۈكتىن، نا-

ھەقلىقتىن، ئادالەتسىزلىكتىن پەقەت ئەقلى كۈچ بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن دىگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. ئەنە شۇ ئېھتىياج ئۇچۇن مۇنداق چوچەكلەر مەجازى ۋاستىغا ئىگە بولىدۇ. (ھايۋانلار كىشلەرنىڭ ھەركەتلىرى، سوزلىرى قىلىقلىرىنى بىجىرىدۇ)

ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چوچەكلەرنىڭ ۋەقەسى ناھايىتى قىسقا ۋە ساددا، بىر ئىككى ئېپىزوتتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئېپىزوتلار كوپىنچە دىئالوگلاردىن تەشكىل تاپىدۇ، ئاخىردا بۇ ھىكايىدىن ھىسسى خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

## § 2 - سېھىرلىك چوچەكلەر

خەلق چوچەكلىرى ئىچىدە ھايۋاناتلار چوچەكلىرىدىن قالسا، سېھىرلىك چوچەكلەر زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ خىلدىكى چوچەكلەر سېھىرلىك، فانتاستىك ئويدۇرمىلار ئاساسىغا قۇرۇلغانلىغىدەك توپ ئالاھىدىلىگى بىلەن ئادەتتىكى چوچەكلەردىن پەرقلىنىدۇ. سېھىرلىك چوچەكلەرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى باشلانغۇچ جەمىيەتكە توتىشىدۇ.

مەلۇمكى، ئىپتىدائى ئىنسانلار ئوزىگە نامەلۇم بولۇپ كورۇنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا ۋەھىمىگە چۈشكەن، ھەر قەدەمدە ئۇچرايدىغان خەۋپ -خەتەرلەر ئۇنىڭ روھىغا چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن. ئەنە شۇلار ئالەم ھەققىدە يۇزەكى مۇلاھىزە يۇرگۇزۇشكە ۋە غەيرى تەبىى بولۇپ كورۇنگەن ھادىسىلەرنى ئوزىچە ئىزاھلاشقا مەجبۇر قىلغان. ئىپتىدائى دۇنيا قاراش، دەسلەپكى پىكىر - مۇلاھىزىلەر كىچىك - كىچىك ئەپسانە ۋە چوچەكلەر، فانتاستىك ئويدۇرمىلارنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەپ بولغان.

سېھىرلىك چوچەكلەردە پىرسوناژلار، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئادەتتىن تاشقىرى، غەيرى تەبىئى ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. «بۇلارنىڭ مەنىسى قەدىمقى ئىشچى ئادەملەرنىڭ ئوز ئەمگەكلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۇنۇمدارلىغىنى ئاشۇرۇش، توت ئاياقلىق ۋە ئىككى ئاياقلىق دۈشمەنلەرگە قارشى قوراللىنىدۇرۇش، شۇنىڭدەك، سوز كۈچى - «قارغىش» ۋە «ئەفسۇنلار» ۋاستىسى بىلەن تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك ۋە ئىنسانغا قارشى ھادىسىلىرىگە تەسىر قىلىش ئىستىگىدىن ئىبارەتتۇر.» ①

سېھىرلىك چوچەكلەرنىڭ ھەر بىر ئېپىزوتى قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ھەركەتلىرى سېھىرلىك، جادۇ، مۇجىزىلىك خىيالىي ئوبرازلار بىلەن باغلىنىدۇ. «يالماۋۇز»، «كەنجى باتۇر» «ئالتۇن كەش» ئوخشاش چوچەكلەردە ئىپتىدائى دۇنيا قاراش — تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلارغا تاپىنىش ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. جۇملىدىن قۇياش، ئاي، تاغ، تاش، سۇ ئوخشاش ئوبرازلاردا ئانىمىستىك قاراش

---

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا». تاشكەنت. 1962 - يىل. 263 - بەت.

مەۋجۇت، بۇنداق چوچەكلەردە جانسىز نەرسىلەر جانلاندۇرىلىدۇ، يەر، سۇ، تاغ، تاشلار تىلغا كىرىپ قەھرىمانلار بىلەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئىنسان تاشقا ئايلىنىدۇ، ئۆلۈك سىرى ئېچىلغاندا يەنە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. ئەژدىھار، دىۋە، ئالۋاستى، يالماۋۇز، يەگ (جىن) ئوخشاش سەلبى پېرسوناژلار مىسالىدا مىفولوگىك چۈشەنچىلەرنىڭ بەلگىلىرى ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چوچەكلەردە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەر ھازىرقى زامان تىڭشىغۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن «يالغان» دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل چوچەكلەردىكى غەيرى مۇقەررەر ھادىسىلەر ئىپتىدائى ھايات ھەقىقىتىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا بۇ فانتاستىك ئويدۇرمىلارنىڭ ھاياتى ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. ئاسماندا ئۇچۇش ئارزۇسى «ئۇچار گىلەم»، «ياغاچ ئات» لارنى، ئۇزاقنى كورۇش ئىستىگى بولسا «جاھاننامە ئەينىگى»نى ... كەلتۈرۈپ چىقارغان. «ئىپتىدائى مەدەنىيەت تارىخچىلىرى ئەمگەك جەريانلىرى ۋە قەدىمقى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدىكى ھادىسىلەر يىغىندىسى توختاۋسىز ۋۇجۇتقا كەلتۈرىۋاتقان ماتېرىيالىستىك تەپەككۇر نىشانلىرى ھەققىدە لام-جىم دېمىگەن ئىدى. بۇ نىشانلار بىزگە پەقەت چوچەكلەر ۋە مىفلار شەكلىدە يېتىپ كەلدىكى، ئۇلاردا، قەدىمقى كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى ئۆگىتىشى، مىۋىلىك ئوسۇملۈكلەرنى كەشىپ ئېتىشى مېھنەت قۇراللىرىنى ئىختىرا قىلىش خۇسۇسىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرى سىزىلىپ تۇرىدۇ» ①

دېمەك، مەۋھۇم كورۇنگەن رېيال ۋەقەلىك، ئىپتىدائى مۇناسىۋەتلەر سېھرىلىك چوچەكلەردە بەدىئى ئويدۇرمىلار شەكلىدە نامايان بولغان. شۈبھىسىزكى، ئەنە شۇ ئويدۇرمىلار ئىپتىدائى چۈشەنچىلەرنىڭ مەجمۇئەسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىجاتكار خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇش، ئەركىن ئەمگەك، يارقىن كېلەچەك ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ روشەن ئىپادىسى ھېساپلىنىدۇ. شۇ مەقسەت ئۈچۈن، ھەتتا «ئالقىنىدا ئالەمنى ئوينىتىپ يۇرىدىغان، مىسلىسىز سېھرى كۈچكە ئىگە بولغان ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنۇچلۇق ئالۋاستىلار، يالماۋۇز، دىۋىلەر ئاخىرقى ھېساپتا ئادەتتىكى دىدەك، قۇل، ياكى پادىچى بالىنىڭ پاراسەتلىك تەدبىرى ئالدىدا يېڭىلىپ، ئولۇمگە مەھكۇم بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولۇشتەك بۈيۈك كۈچ-قۇدرىتى نامايان قىلىنىدۇ.» گەرچە سېھىرلىك چوچەكلەرنىڭ يېشىمىدىكى بۇنداق يەكۇن ئەينى دەۋر رېياللىقىغا نىسبەتەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ يەردىكى توپلۇك مەسىلە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ غايىۋى غەلبىسىنى تەنتەنە قىلىش ئارقىلىق غايىنى رېياللىققا تەدبىقلاشتىن ئىبارەت.

سېھىرلىك چوچەكلەر ئىچىدە قەھرىمانلىق خاراكتېرىدىكى چوچەكلەر، ئوگەيلەنگەن يېتىم-يېسىرلار ۋە كەمسىتىلگەن كىشىلەر ھەققىدىكى چوچەكلەر ھەمدە سېھرى پالۋانلار ھەققىدىكى چوچەكلەر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ.

---

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت، 1962-يىل، 264-بەت.

قەھرىمانلىق خاراكتېردىكى چۆچەكلەردە كۆپرەك ئىپتىدائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئۇلاردا، ئاساسەن قەھرىمانلىق خىسلەت مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇزاق جايلاردىن، چەت يۇرتلاردىن بەخت ئىزلەپ كەلگەنلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تۈرلۈك سېھرى نەرسىلەر (سېھرى ئۈزۈك، سېھرى توقماق، سېھرى چاچ، ... ۋاھاكازالار) گە ئائىت سيۇژېت بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، قەھرىماننىڭ ھەر بىر ھەركىتى مەلۇم بىر سىناقتا دۇچ كەلگەن ھالدا قانات يايىدۇ. قەھرىمان پىرسۇناژ ئەژدىھار، دىۋە، سانسىز دۇشمەن قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشىدۇ ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ.

بەخت ئىزلەش يولىدا سېھرى نەرسىلەرنى بىللە ئېلىپ كېلىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسەت-مۇرادىغا يېتىش ئەڭ قەدىمى تېمىلاردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. يەنە بەزى سېھرى چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ قىساسكارلىق، جەڭگى-جېدەل ۋەقەلىرى بىلەن باغلىنىشلىق تېمىلار بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، سىنىپى زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە بۇنداق چۆچەكلەرگە سىڭىشكەن.

قەھرىمانلىق تېپىدىكى چۆچەكلەردە قەھرىماننىڭ تۇغۇلىشىدىن تارتىپ پالۋان سۈپىتىدە غەلىبە قىلىشىغىچە، بەخت ئىزلەپ يولغا چىقىشتىن تارتىپ ئۇنى تېپىشقىچە، سېھرلىك نەرسىلەرنى ئىزدەشتىن تارتىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىشىگىچە، يۈز بېرىدىغان ھەر بىر ھادىسە ۋە توقۇنۇشلار فانتاستىك ئويدۇرمىلار شەكلىدە بېرىلىدۇ. مۇنداق قەھرىمان سېھرى جادۇ ياكى تىلسىم ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، مۇھىمى سىرلىق كۈچى ۋە قۇدرىتى نەتىجىسىدە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق قەھرىمانلار سېھرلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئوتتا كويمەيدۇ، قىلىچ ئۆتمەيدۇ، سۇدا چۆكمەيدۇ، خالىغانچە ئاسماندا ئۇچالايدۇ، تاغلارنى ئالقىنى بىلەن يۆتكىۋېتەلەيدۇ. («رۇستەمى داستان» ۋە باشقىلار) قەھرىماننىڭ پالۋان بولۇشى ئانا قورسىقىدىلا مەلۇم بولىدۇ؛ «بوۋاي ئاتمىشقا كىرىپتۇ، موماي 50 ياشقا كىرىپتۇ، لېكىن پەرزەنت يۈزى كورمەپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈن ئايال ھامىلدار بولۇپ، ئاي كۈنى يېقىنلىشىپ، ئاجايىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ بوۋاقنىڭ ئېغىرلىقى بىر پاتمان،... ئىكەن» دېگەنگە ئوخشاش تەسۋىرلەر قەھرىماننىڭ كەلگۈسى پالۋانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

پەھلىۋان قۇدرىتىنى سىناپ كورۈش قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسى بەلگىسىدۇر. سىناش مۇسابىقە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئاساسەن ئاكا-ئۇكىلار ياكى قەھرىمان بىلەن رەقىپلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ، سىناپ كورۈش ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن باغلىنىدۇ. دېمەك، قەھرىماننىڭ جاسارىتى سىناق مۇسابىقىلىرى جەريانىدا نامايان بولىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردىكى قەھرىماننىڭ روھى كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ ئەمەس. ئۇ پەقەت كۈچ ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىشنىلا بىلىدۇ. لېكىن غەلىبە قىلىشنىڭ باشقىچە يولى — ھىلى-تەدبىر ئىشلىتىش ھەققىدە پىكىر قىلالمايدۇ، قارشى تەرەپنىڭ كۈچىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلمايدۇ، قەھرىماننىڭ بۇنداق

سادda كۆڭۈللىكى دۈشمەن ئۈچۈن پايدىلىق ئاساس بولۇپ، ئۇنىڭ ھىلى-مىكىرىسىگە ئۇچراپ، تۇزاققا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا ئۇنىڭ سېھىرلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن سىرلىق نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ. «رۇستەمى داستان»، «قېلىچ باتۇر»، «شاھزادە سالمان»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئەنە شۇنداق تىلسىملىق كۈچ ھەققىدىكى خەلقنىڭ ئىدىئالى، ئارزۇ-ئۈمىتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئوگەيلىك ۋە كەمسىتىلگەن كىشىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرلىق بەلگىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە پادىشا، ۋەزىر، شاھزادە، مەلىكە، جاللات ۋە ساراي ئەھلىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، باش قەھرىماننىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى، چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭلەر ھېكايە قىلىنىدۇ، ئەنە شۇ خىل رىيال ۋەقەلەر سىرلىق ئويدۇرمىلار تىلسىمات شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ مەزمۇندىكى چۆچەكلەرنىڭ سېھرى-جادۇ بىلەن باغلىق بولغان سيۇژېت ۋەقەلىرىدە، ئاساسەن پەندە-نەسىھەتگۇيلۇق غايىسى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاساسىدا قەدىمى دەۋرلەردىن بۇيان ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەمگەرچىلىك، قەتئىيلىك، ۋاپادارلىق، مەرتلىك، سېخىيلىقتا، ئوخشاش ئاجايىپ ئەخلاق نورمىلىرى سۈرەتلىنىدۇ. چۆچەكنىڭ يەكۈنىدا ھەقىقەت زۇلۇم ۋە زورلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، بۇ غەلىبە سېھىرلىك موجىزە ھەمدە كەمسىتىلگەن قىز ياكى يىگىتنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە دادىل ھەركىتى بىلەن قولغا كىرىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، سېھىرلىك چۆچەكلەردە دائىم دىگۈدەك ئۆپتىمىستىك روھ ھوكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چىن مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق تىمسالى سۈپىتىدە نامايان بولۇپ ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ. «يېرىدىل تاش» «يېتىم قىز»، «چېچەن كېلىن»، «ۋىجدانلىق مەلىكە»، «ئەقىللىق قىز» «كورەڭ بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال»، «زۇمرەت ۋەقىممەت» (ئوزبېك چۆچىكى) ئوخشاش چۆچەكلەر ئەنە شۇ ئاياللارنى ئۇلۇغلاش تېمىسىدىكى نەمۇنىلىك چۆچەكلەردۇر.

«يېرىدىل تاش» («يېرىلىڭ تاشىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ياكى «ئالتۇن بىشۇك» قەدىمقى چۆچەكلەردىن بىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ چۆچەكلەرنىڭ سيۇژېتى ئاجايىپ غەيرى تەبىئى ھادىسىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئوگەيلىك ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ سيۇژېتى دىراماتىك ئېپىزوتلارغا باي بولۇپ، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك. چۆچەكنىڭ سيۇژېتى، ئاساسەن ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپقان.

1-قىسىمدا ئاساسەن، ئوگەيلىك، زۇلۇم ۋە زورلۇق تەسۋىرلىنىدۇ؛

2-قىسىمدا ئوگەي قىزنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن تېپىشىشى تەسۋىرلىنىدۇ. سىڭلىسىنىڭ «سىرلىق سۇ» ئىچىپ قويۇپ، كېيىككە ئايلىنىشى، قىز ۋە كېيىكنىڭ ئادالەتلىك

شاھ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ھەمدە ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتىشىگە ئوخشاش ھاياجانلىق ۋەقەلەر ھېكايە قىلىنىدۇ، «سىرلىق سۇ»نى ئىچسە كىيىك ياكى بۆرىگە ئايلىنىپ قېلىش ھادىسىسى خەلقىمىزنىڭ قەدىمقى «مۇقەددەس سۇ» ئېتىقادى بىلەن باغلىنىدۇ.

3 - قىسمىدا بولسا، ئوردا شارائىتى، ساراي ئىچىدىكى پىتنەخورلۇق، چېقىمچىلىق قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ، شاھنىڭ چوڭ خاتۇنى بۇ گۈزەل قىزنى كۆرەلمەيدۇ، نەتىجىدە كۈندەشلىك ئازاۋى باشلىنىدۇ. چوڭ خاتۇن ئۆزىنىڭ ياش كۈندىشىدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزلەيدۇ، جادىگەر كەمپىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. كېيىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى سويماقچى بولىدۇ. كىيىك تىلغا كىرىپ، ئۆز ئاچىسىنى چاقىرىپ يىغلايدۇ، زارلايدۇ. ئاخىرى «سىرلىق سۇ» ۋاستىسىدا سېھرى ئېچىلىدۇ. كىيىكنى «ھايات سۈيى»گە چۆمۈلدۈرگەچ، ئۆز سۈرىتىگە قايتىدۇ. ئاچىسى ئىككى يېنىدا ئىككى ئالتۇن بۆشۈكتە ھەسەن - ھۈسەن ئوغۇللىرى بىلەن سۇ ئاستىدىن چىقىدۇ، ئاچا - سىڭىل قايتا ئۇچرىشىپ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ، زالىم كۈندەش يوق قىلىنىدۇ.

بۇ چۆچەكنىڭ 1 - ۋە 3 - قىسىملىرى ئائىلىۋى توقۇنۇش (كومپلېكسىت) ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچىسىدە تاشنىڭ يېرىلىپ، ئۆگەي قىزنى قوينىغا ئېلىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشى، ئۈچىنچىسىدە بولسا «سىرلىق سۇ» باش قەھرىمان ئۈچۈن غەلىبە كەلتۈرىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدىكى توقۇنۇش موجىزىلىك ھادىسىلەر بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا سادىر بولىدۇ. مانا بۇ كومپلېكسىت بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە. چۆچەكتىكى سىيۇژىت ئاساسىنى تەشكىل قىلغان سىرلىق ئويدۇرمىلار ئېپىزوتلار تىزمىسىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ، ۋەقەلەرنىڭ رىۋاجىنى تەمىنلىگەن. بۇلار ئارقىلىق فېئودالىزم ئىللەتلىرى پاش قىلىنىدۇ. مەنىۋى گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاپ، يامانلىق ۋە پەسكەشلىكنى تەنقىتلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ چۆچەكنىڭ يۇقۇرقى قىسىملىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئورگانىك پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن كومپازىتسىيىنى تەشكىل قىلغان.

دېمەك، يامانلىقنىڭ قارىلىنىشى، ياخشىلىق، سەمىمىلىك ۋە ئادالەتنىڭ تەنتەنىسى «يېرىل تاش» چۆچىكىنىڭ تۈپ غايىۋى مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنى تەقدىر ۋە بەخت، ياۋۇزلۇق ۋە ئادالەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ئومۇملاشقان ئوبرازلىق ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن.

سېھرى چۆچەكلەردە پەرى قىز، خىزىر بوۋاي، يالماۋۇز، جادۇگەر، دىۋە، ئەجدىھار، سۇمرۇغ ئوخشاش فانتاستىك ۋە مىفولوگىك ئوبرازلار سېستىمىسى مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى (ئەجدىھار، جادۇگەر، يالماۋۇز، دىۋە...) سەلبى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەرى بىلەن خىزىر ئوبرازى دانىشمەن ۋە گۈزەللىككە ئىگە بولغان ئىجابى پېرسوناژ خاراكتېرىدە گەۋدىلىنىدۇ، يەنە بەزىدە (ئايرىم چۆچەكلەردە) بۇ ئوبراز ياۋۇز كۈچ، خىيانەتكار، جادۇگەرلىككە ئىگە بولغان پېرسوناژ سۈپىت-

تەدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. پەرى ئوبرازى ئىجابى مەنىدە كۆيلەنگەندە، لەتاپەت ۋە نازاكەتلىك ئاياللارنىڭ تىمسالى قىلىپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ «ئاي دىسە ئاغزى بار، كۈن دىسە كۆزى بار» پەرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھەركىتى، توغرا ئېنىق مەسلىھەتلىرى بىلەن قەھرىماننىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئورنى كەلگەندە خىلمۇ-خىل قىياپەتكە كىرەلەيدۇ، «بۇلبۇل گويا»نى ۋە «تۇلپار ئات»لارنى ئېلىپ كېلىشتە قەھرىمانغا ياردەم بېرىدۇ.

پەرىلەر بۇنداق چۆچەكلەردە كەپتەر، ئوت، ئىلان، كەمپىر، كىيىك، مايمۇن، ئادەم، بېلىق، قۇش ۋە باشقا تۈرلۈك قىياپەتلەردە كۆرۈنىدۇ، ئەپسانىۋى ئېرەم باغ، كۆيقاپ تېغىدا ياشايدۇ. ئۇلارنى قورقۇنۇشلۇق دىۋىلەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇ قەھرىمان بىلەن توقۇنۇشقاندا سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ. بۇ شەرتلەرنى بېجىرسە، ئۇنى ۋىسالىغا ئېرىشتۈرىدۇ، ناۋادا بېجىرەلمىسە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقلى، جىسمانى ۋە مەنىۋى قۇۋۋىتى ھەتتا موجىزىۋى كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ، ئاخىرىدا شەرتنى بېجىرىپ پەرىگە ئۆيلىنىدۇ. كۆپلىگەن چۆچەكلەردە پەرىزات ئىدىئال قەھرىمان سۈپىتىدە ھەركەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى، ياخشى نىيەتلىرى، خاھىش-ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كۆرۈشىدۇ. مەسىلەن: «ئاي پەرى» چۆچىكىدە پادىشا يىگىتنىڭ يولۋاسنىڭ سۈتىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. يىگىت ئاي پەرى ياردىمىدە بۇ ۋەزىپىنى بېجىرىدۇ. ئىككىنچى شەرتكە ئاساسەن يىگىت قىرىق پەرىنى كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرقى شەرت بانىسىدا پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كويدۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇ چۆچەكتە پەرى قىزنىڭ دانىشمەنلىكى، ئادالەتپەرۋەرلىكى، دانالىقى ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەكسىچە زوراۋان، دوت ۋە لەقۋا شاھنىڭ بۇزۇق نىيىتى پاش قىلىنىدۇ، ئادالەت تەنتەنە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ پەزىلەتكە ئىگە بولغان پەرىلەر بۇنداق چۆچەكلەردە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

يەنە شۇنداقلا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان قەھرىمان قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئاپپاق ساقاللىق خىزىر بوۋاي يولۇقىدۇ. ئۇ، قەھرىمانغا ياخشى مەسلىھەت بېرىپ، ئۆز ئىستەكلىرىگە يېتىش ئۈچۈن دۇئا بېرىدۇ. ناۋادا قەھرىمان ئوبراز شۇ «خىزىر بوۋاي»نىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى بويىچە ھەركەت قىلسا ھامان غەلىبە قىلىدۇ، ئەمەل قىلمىسا پىشكەللىككە ئۇچرايدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردىكى «خىزىر بوۋاي» قانداقتۇر دىنى خاراكتېردىكى «ئەۋلىيا-ئەمبىيا»لارنىڭ ئوبرازى بولماستىن، بەلكى خەلق چۆچەكلىرىدە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىشەنچ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كوللىكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ سىمۋولى، ياكى ئادالەتلىك ئىشقا بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى ۋە ھىمداشلىقىنىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت.

چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسى بىلەن باغلىق بولغان مىفولوگىك ئوبراز. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ئايال‌لار سەلتەنىتى (ماترىئارخات) بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئانىمىزىم تەسىرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئاياللار سەلتەنىتى يىمىرىلىپ، ئەرلەر ھوكۈمرانلىقى ئورنىتۇلغاندا، ئۇ سەلبىي پېرسوناژغا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چۆچەكلەردە يالماۋۇز ئىككى خىل مەزمۇندا يەنى گاھىدا ئىجابىي، گاھىدا سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. جادۇگەر، مەستان كەمپىر يالماۋۇزنىڭ ھەر خىل كورۈنۈشتىكى ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ، مەزمۇنى ئوخشاش.

يالماۋۇز ـ يامانلىق، پالاكەت، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھەقىقەتكە خىيانەت قىلغۇچى ياۋۇز كۈچنىڭ ۋەكىلى. ئۇ تىلسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ھەتتا يالماۋۇز بىلەن باغلىق بولغان جاي، مۇھىت، نەرسە ۋە بويۇملاردىمۇ تىلسىم خاراكتېرى مەۋجۇت. ئۇلار غەيرىي تەبىئىي ھالدا ساقلىنىدۇ. ھەر بىر تىلسىم يالماۋۇز ياكى جادۇگەرنىڭ نەقەدەر ياۋۇز ۋە دەھشەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. كوپىنچە چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىشىچە بۇ خىل يالماۋۇزلار ۋەھىمىلىك تاغ ـ جىرالارنى ۋە چۆل ـ جەزىرىلەرنى ماكان قىلغان. ئۇ ئىجابىي ئوبرازلارغا قارشى قويۇلغان. ئۇ گۈزەل قىز، يىگىت، ئالما، گۈل، يىلانغا ئايلىنىپ، ئىجابىي قەھرىماننىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، ئۇنى قەستلەيدۇ. لېكىن يالماۋۇز كەمپىر ھەر قانچە قارشىلىق قىلمىسۇن، بەرىبىر ئىجابىي قەھرىمان تەرىپىدىن ئۇنىڭ تىلسىملىرى بەربات بولۇپ، ئاقىۋەتتە مەغلۇپ بولىدۇ.

ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق بولغان مىفولوگىك ئوبرازلار — دىۋە، ئەژدىھار ئوخشاشلار سېھىرلىك چۆچەكلەردە دەھشەتلىك قىياپەتتە، زۇلۇم ۋە زورلۇق، قانخورلۇق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھېكايە قىلىنغان. دىۋىلەر زوراۋان باشلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە پەرىلەرنى ئىنساندىن قوغدايدۇ. چۆچەك ۋە داستان قەھرىمانلىرىنى مېيىپ قىلىش ئۈچۈن يەككە ياكى توپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

دىۋىلەر ئاسماندا ئۇچىدىغان ۋە يەردە يۈرىدىغان ئىككى خىلغا ئىگە. ئۇنىڭ بەزىلىرى تەبىئىتىدىن ھىلىگەر، مەككار، ئالدامچى ۋە ياۋۇز، يەنە بەزىلىرى نازۇك سەنئەتكار، گۈزەللىكنى سويگۈچى زەپەردەس ئەپسانىۋى كۈچ ئىگىسى. «دىۋىلەر توپىنىڭ باشلىقلىرى ئالاھىدە نام بىلەن ئاتىلىدۇ: ئاخرىمان، ئاقۋان، سەمەندەر، ئاق دىۋە، قارا دىۋە، قىزىل دىۋە، سېرىق دىۋە، مايماق دىۋە... ۋە باشقىلار»①

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى سەلبىي ئوبرازلارنىڭ يەنە بىرى ئەژدىھاردۇر. ئەژدىھار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىشىچە، ناھايىتى چوڭ گەۋدىلىك يىلان، ئاغزىدىن ئوت، تۈتۈن چىقىرىدىغان مەخلۇق. ئۇ سۇ ياكى غاردىن چىققاندا پۈتۈن ئالەمنى شامال، بوران

① ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى. 3 ـ توم. تاشكەنت. 1972 ـ يىل

باسىدۇ. ھەممە نەرسىنى دەم تارتىدۇ. ئەجدىھار ئىنساننىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى. ئۇ ئادەم يەيدۇ، ئەلنى خاراپ قىلىدۇ، ئەجدىھار گۈزەل قىزلار، پەرىلەرگە ئۇچ. چۆچەكلەردە ئەجدىھار گۈزەل قىزلارنى يۇتماقچى بولغىنىدا باتۇر يىگىت ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇزىدۇ. بۇ خىلدىكى دەھشەتلىك يىرتقۇچلار قانچىلىك قورقۇنۇچلۇق ھالەتتە ئىپادىلەنسە، ئۇلارغا قارشى قويۇلغان قەھرىمانلار شۇنچىلىك قورقماس، باھادىر سۈپەتلىك تەسۋىرلىنىدۇ.

دىمەك، يالماۋۇز، دىۋە، ئەجدىھار ئوخشاش ياۋۇز مەخلۇقلار قەھرىمانلىك پائالىيەت يولىدا پەيدا بولغان ئاساسى توسالغۇ كۈچ. ئۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن زورۇر بولغان چەكسىز كۈچ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىستىگى ۋە ئارزۇ-ئۈمىتلىرىدىن كېلىپ چىققان.

سېھىرلىك چۆچەكلەردە مەيلى قايسى تۈردىكى ئوبرازلار بولسۇن، تىلسىم ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. تىلسىم ۋە تىلسىملىق ھادىسىلەر چۆچەكلەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئارتتۇرىدۇ. ۋەقە ۋە ھادىسىلەر مەزمۇنىنى ئاچىدۇ. قەھرىماننىڭ روھىنى بەلگىلەيدۇ. ھەمدە تىلسىم چۆچەك سيۇژىتىنىڭ ئاساسى بىزىگى ھېساپلىنىدۇ. سېھىر-جادۇ ۋە تىلسىم ۋاستىلىرى سېھىرلىك چۆچەكلەر سيۇژىتىنى ھەركەتكە كەلتۈرىدۇ، قەھرىمانلار خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

## 2 - تۇرمۇش چۆچەكلىرى

تۇرمۇش چۆچەكلىرى رىياللىققا نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان خەلق ھېكايىلىرىدۇر. ئۇنىڭ فانتازىيىۋىلىكى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، بۇ خىلدىكى ھېكايىلار ئۆتكۈر ۋە روشەن سىنىپىي خاھىشچانلىققا ئىگە.

تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىكى ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رىياللىقىغا يېقىنراق كېلىدۇ. لېكىن تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىكى ئادەم ئوبرازىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەقىقى كونكرېت ئادەم بولماستىن، بەلكى سەنئەت يولى بىلەن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئىجات قىلىنغان ئىككىلەمچى ئادەمدۇر.

تۇرمۇش چۆچەكلىرىنىڭ كۆپچىلىگى سىنىپىي جەمىيەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ھېكايىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا سىنىپىي جەمىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئىنسانلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىدىكى ئەمەلى ئىشلار ئەكس ئېتىلىدۇ. ئەمما ئۇ، كۈندۈلۈك ئەمەلى ئىش ۋەقەلەرنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن بەدىئى تۇقۇلمىلاردىن تەركىپ تاپقان تىپىك ئىجادىيەتتۇر. شۇنداقلا سىنىپى جەمىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە غايىسىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

تۇرمۇش چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇناسى-

ۋەتتىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي رىياللىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنداق بولغاچقا تۇرمۇش چوچەكلىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ياۋۇزلىقى، ئاچكوزلىكى، زالىملىقى، ھىلىگەرلىكى، بېخىللىقى، مەنىۋى چىرىكلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلىدۇ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، جاسارىتى، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئىستىلى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى مەدھىلىنىدۇ. قىسقىسى، تۇرمۇش چوچەكلىرى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي تۈس ئالىدۇ.

تۇرمۇش چوچەكلىرىنىڭ بولۇنىشى | تۇرمۇش چوچەكلىرى ئۆزى ئىپادىلىگەن
مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۋەندىكىدەك

بىر قانچە خىلغا بولۇنىدۇ.

1 - ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرىدىغان چوچەكلەر ياكى يىللىقچىلار بىلەن پومىششىكلار توغرىسىدىكى چوچەكلەر. بۇ خىلدىكى چوچەكلەردە، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى پومىششىكلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم زىددىيەت ئىدىئولوگىيىلىك فورمىدا ئالاھىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە بولغىنى كەمبەغەل، نامراتلار بىلەن پومىششىكلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش بەدىئىي توقۇلمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بۇنى ئىپادىلىگەندە، ئەملىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەينەن كورسىتىلمەستىن، بەلكى بەدىئىي سىمۋۇلنىڭ ئىچكى مەنتىقىسى ئارقىلىق كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئارزۇ - غايىلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ھېكايىلار كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ (نامرات چارۋىچىلار، پادىچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) پومىششىكلار سىنىپىغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى مەنىۋى قورالى، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، كوڭلىنى كوتۇرۇش قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىللىقچىلار بىلەن پومىششىكلار توغرىسىدىكى ھېكايىلار خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلار ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىدىيە ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

فېئوداليزم جەمئىيىتىدە يىللىقچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق ئىدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلسىمۇ ھېچقانداق كىشىلىك ھوقۇققا ئىگە بولالمىغان ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنى ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر، خوشخۇي، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدە سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. بۇنداق ھېكايىلاردىكى يىللىقچىلار ئەقىل - پاراسەتلىك

بولۇپ، مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى نامرات بولۇپ، ئەڭ ئېغىر ئېزىلىشكە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىلىرى، شۇ سەۋەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئۇلار ئەڭ بىلىملىك كىشىلەر بولۇپ، پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ماھىيىتىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۈرەشتە ئومۇمەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچى ۋە غەلىبە قىلغۇچى ئىجتىمائىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەشۇ خىلدىكى ھېكايىلاردا پومېششىكلارنىڭ ئوبرازى ۋەھشى، ياۋۇز، تەييارتاپ، كالۋا، دوت قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆز سىنىپىنىڭ ھوقۇقىغا ھەمدە فېوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كاپالىتىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىمىز، ئاخىرقى ھېساپتا ئەشۇ ئاددىي يىللىقچىلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىدۇ ۋە تەقدىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

مەسىلەن: «ئۈژمە سايىسى» ناملىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىنى ئالايلى؛ ئۇنىڭدا پومېششىكلار سىنىپى بىلەن كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرى كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق روشەن ئېچىپ بېرىلگەن. ھەجۋىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بۇ ھېكايىدا پومېششىكلار سىنىپىنىڭ نائىنساپلىقى، ئاچكۆزلىگى، زالىملىقى، كالۋا-دوتلىقى قاتارلىق سىنىپىي ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئەپچىلەم باشچىلىقىدىكى نامرات مەدىكارلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، باتۇرلىقى ۋە جاسارىتى مەدھىيىلىنىدۇ. چۆچەكتە مەسخىرە قىلىنغان باي ئىنتايىن ئاچكۆز ۋە رەھىمسىز بولغاچقا، يول ئۈستىدىكى ئۈژمە دەرىخىنىڭ سايىسىدا كەمبەغەللەرنىڭ ئاز-تولا سەگىدەپ ئېلىشىغىمۇ ئىچى تارلىق قىلىپ يول قويمايدۇ، بەلكى دەرەخ سايىسىنىمۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى قاتارىدا ھېساپلايدۇ. باينىڭ مۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئىنساپسىزلىقىدىن خەلق ئاممىسى قاتتىق نارازى بولۇپ غەزەپلىنىدۇ. شۇ يېزىدا ئەپچىلەم ئىسىملىك ئەقىللىق ۋە باتۇر بىر مەدىكار يىگىت بولۇپ، ئۇ سەبداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئاچكۆز باينىڭ راسا كېلىشتۈرۈپ ئەدىۋىنى بېرىش ۋە خەلقى-ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىش ئۈچۈن باينىڭ پۇل دىسە جېنىنى بېرىدىغان ئاچكۆز ماھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ئۈژمە سايىسىنى پۇلغا «سېتىۋالماقچى» بولىدۇ. ئاچكۆز باي بۇ «سودا»نىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىنلا ئۈژمە سايىسىنى يۇقۇرى باھادا ئەپچىلەمگە سېتىپ «بۇ گادايلارنى يەنە بىر قېتىم ئالدىدىم» دەپ ئۆزىچە تېخىمۇ كورەڭلەيدۇ. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى باينىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمايدۇ، ئۈژمە سايىسىنى قانۇنلۇق ھالدا سېتىۋالغان بۇ مەدىكارلار سايە نەگە چۈشسە شۇ يەردە سەگىدەپ بەھۇزۇر راھەتلىنىدۇ. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلار ھەتتا ناھايىتى تەبىئىي ۋە قانۇنلۇق ھالدا باينىڭ بېشىغا دەسسەپ ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باينى خەلقى-ئالەم ئالدىدا قاتتىق مەسخىرە قىلىپ:

چىقىر بۆزمە سايىسىنى

ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.

ھويلىسىدىن چىقالماي

چاشقان بولۇپ ياتقان باي.

دەپ ناخشىغا قېتىپ، باينى تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ چوچەكتە فېئوداليزىم جەمئىيىتىدىكى پۇل مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئەپچىلەم ۋەكىللى-گىدىكى يوقسۇل-نامراتلارنىڭ پومېششىكلار سىنىپى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ چوچەكنىڭ كومپوزىتسىيىسى شۇنچىلىك پۇختا ۋە قىزىقارلىق تۈزۈلگەنكى، ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئېسىدە قالىدۇ. ئوبرازلىرىمۇ ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي قاراشلىرى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. بۇنداق چوچەكلەر ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ھېكايىلىرى ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

2- كاسىپلار توغرىسىدىكى چوچەكلەر: ھۈنەر-كەسىپ ۋە كاسىپلار توغرىسىدىكى چوچەكلەر ئېلىمىزنىڭ خەلق ھېكايىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى.

ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودالىق ۋە يېرىم فېئودالىق جەمئىيەتتە ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىشچى كاسىپلار خۇددى نامرات دېھقانلاردەك ئېغىر ئېزىلىشكە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغۇچى ئەمگەكچىلەر سىنىپى ئىدى. شۇڭا بۇ مەزمۇندىكى چوچەكلەردە ئەشۇ جەمئىيەتتىكى كاسىپلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ۋە ئۇلار بىلەن ئەزگۈچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەكس ئېتىلگەن. چوچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن بۇنداق كاسىپلار ھۈنەر-كەسىپ جەھەتتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار زور تۈركۈمدىكى گۈزەل بۇيۇملارنىڭ كەشپىياتچىلىرى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار يۇقىرى كۈرەش روھىغا ئىگە. بۇنداق چوچەكلەردە بىر تەرەپتىن كاسىپلارنىڭ ئىختىرالىرى رېئال ئاساستا ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا غايىۋى تۈس بېرىپ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ تېمىدىكى چوچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

3- فېئودالىق ئەدەپ-قائىدىگە قارشى چوچەكلەر — بۇ خىلدىكى چوچەكلەردە ئوتمۇشتىكى فېئودالىق ئەدەپ-قائىدە ۋە فېئودالىق ئەنئەنىۋى قاراشلار دەستىدىن خورلىنىۋاتقان ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئاياللارنىڭ (خوتۇن-قىزلارنىڭ) ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنغان.

بۇنداق ھېكايىلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كەلسەك، بەزىلىرىدە ياش خوتۇن-قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئىستىكى، نىكا ئەركىنلىكى ھەققىدىكى ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئار-

زۇسى ۋە قەتئىي ئىرادىسى ئەكس ئېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلىنىپ، فېئوداللىزملىق ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى فېئودالىق قاراشلار ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى بايان قىلىنغان، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى؛ كوپىنچە، ئەڭ نامرات، ئاددى يېتىم قىزلار ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى كۈچ سۈپىتىدە نامايەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئۇلارنى خورلىغۇچى ۋە كەمسىتكۈچى قارا كۈچلەر ئۈستىدىن ھەمىشە غالىب كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقلەرنى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان مەنىۋى ئەسارەتتە قالدۇرۇۋاتقان فېئودالىق روھى كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ.

بۇنداق چۆچەكلەر ناھايىتى تەسىرلىك بولۇپ، ئوبرازلىرى جانلىق ۋە روشەن، ھەممە بۇنداق سىمۋوللۇق ئوبرازلار قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولغان. شۇ سەۋەپتىن بۇنداق ھېكايىلاردا گەرچە كوپرەك مۇھەببەت تىراگېدىيىلىرى بايان قىلىنسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلارنىڭ تەقدىرى كىشىلەرگە خۇشخۇي مەزمۇن بېغىشلايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «يېتىم قىز»، «دانىشمەن كېلىن» قاتارلىق ھېكايىلاردا فېئودالىق ئەدەپ-قائىدە ۋە فېئودالىق دىنى ئەھكاملارنىڭ چىرىك ماھىيىتى پاش قىلىنىپ، ئەركىنلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق، باراۋەرلىك غايىلىرى ئالغا سۈرۈلگەن.

لېكىن بۇنداق ھېكايىلارنىڭ بەزىلىرى فېئودالىق ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن تەلتۆكۈس خالى بولالمىغان. بۇ ھال ئەلۋەتتە دەۋرنىڭ چەكلىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

4 - ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ھەققىدىكى چۆچەكلەر — بۇنداق چۆچەكلەردە سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدۇ، يۈكسەك ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئىگە پېشقەدەملەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى مەدھىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، باغۋەنچىلىك ئەمگەكلىرى ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە ئەجداتلىرىمىزنىڭ ياراتقان قىممەتلىك تەجرىبىلىرى خۇلاسىلانغان بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ بىلىش ۋە تونۇش رولى يۇقۇرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

5 - تېپىشماقلىق چۆچەكلەر — تۇرمۇش چۆچەكلىرى تەركىۋىدىكى تېپىشماقلىق چۆچەكلەردە ئۆتكۈر زېھىن ۋە دانىشمەنلىكنى نامايەن قىلىش ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلاردا داۋاملىق ھالدا قەھرىمانلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنمايدۇ. سيۇژىت قىسقا ۋە ساددا بولۇپ، تېپىشماق ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، ئەقىل سىناش يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئېپىزوتلار ئاساسەن دىئالوگلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. «دانىشمەن ئايال»، «گۈلپەرى»، «ئەقىللىق بالا»غا ئوخشاش چۆچەكلەردە ھېكايە قىلىنغان دانا-ئەقىللىق، ئىدرەكلىك كىشىلەر خەلق ئارزۇسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئۇلار ھايات

تەجرىبىلىرىگە باي، دانىشمەن، ئەمگەكتە چىنىققان، ئۆتكۈر زېھنى قۇۋۋەتلىك كىشىلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «گۈلپەرى» چۆچىكىدە شاھنىڭ قىزغا بەرگەن سوئال شەكلىدىكى تېپىشمىقى ۋە بۇ سوئالغا قىزنىڭ كۆچمە مەنادا بەرگەن توغرا جاۋابى پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ؛

— «دۇنيادا ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟»؛ «دۇنيادا ھەممىدىن نېمە تاتلىق؟»؛ «دۇنيادا ھەممىدىن نېمە ئاچچىق؟»؛ «شۇ ھوكۇزنى يەتتە ئايدا ئىككى مەرتىۋە تۇغدۇرۇپ بەر!» پادىشانىڭ بۇ سوئال خاراكتېرلىك تېپىشمىقىنى قىز تۆۋەندىكىدەك يېشىپ بېرىدۇ: «دۇنيادا ھەممىدىن ئاتىنىڭ تۇيىقى قاتتىق»، «دۇنيادا ھەممىدىن بالا تاتلىق»؛ «دۇنيادا ھەممىدىن ئۆلۈم ئاچچىق». تۆرتىنچى سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن شاھنىڭ ئەلچىلىرىگە: «دادام ھامىمغا تۇغقىلى كەتكەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاۋابىنى ئېيتىمەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ گۈلپەرى.

«ئەقىللىق بالا» چۆچىكىنىڭ باش قەھرىمانى كەمبەغەل بالا ماختانچاق شاھقا قارشى قويۇلىدۇ. چۆچەكتە شاھ شۇنداق سوئال سورايدۇ:

— بىزلەرنى نېمە سويۇپ مېھمان قىلىسەن.

بالا جاۋاپ بېرىپ:

— تاپسام بىرنى، تاپالمىسام ئىككىنى سويىمەن.

پادىشا ھەيران بولۇپ، بالىنىڭ زىياپىتىدىن كېيىن:

— سەن نەچچە قوي سويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

**بالا:**

— بىرنى تاپالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنى سويدۇم، — دەپتۇ.

— بىرنى تاپالمىساڭ، ئىككىنى قەيەردىن تېپىپ سويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ تەئەججۇپلىنىپ.

بالا:

— بىزنىڭ بىر بوغاز ساغلىقىمىز بار ئىدى. باشقا بىر قوي تاپالماي، ئامالسىز شۇ بوغاز قويىنى سويدۇق. ئۇزىنى سويغاندىن كېيىن بالىسى ھەم ئۆلىدۇ. ئىككىنى سويدۇق دېگەنىمنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. — دەپ يېشىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ مات بولۇپتۇ.

بۇ چۆچەكنىڭ ئاساسى تېمىسى زىرەكلىكنى سىناشتىن ئىبارەت. سىناش نەتىجىسىدە ئۇزى بىلەرمەن، ئاخماق شاھنى بالا ئالدىدا شەرمەندە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدا، دانالىق، زىرەكلىك ئوخشاش ئەمگەك ئەھلىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر ئىسپاتلىنىدۇ.

تېپىشماقلىق چۆچەكلەردە خىلمۇ-خىل شەرتلەر تېپىشماق خاراكتېرىدىكى سوئال-جاۋاپلار سېيۇژېت تۈگۈنى ۋە ئۇنىڭ يېشىمىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئىجتىمائى مەزمۇن ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا كۆچمە مەنالىق سوز-

لەر كۆپلەپ قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ئىفەممىزملىق سۆزلەر، پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر تېپىشماقنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەپ، قارشى قويۇلغان قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، تۇرمۇش چۆچەكلىرىنىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان ئاددى خەلق ۋەكىللىرى ـ دېخان، چارۋىچى، دانا قىز، مەدىكار يىگىت، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، پادىچى قاتارلىقلار ئىغۋا ۋە پىتنە ئوخشاش يارامسىز قىلمىشلارغا قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلىدۇ. ھېكايە قىلىنغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر خىيالى فانتاستىك جايلار ـ يەر ئاستى، ئاسمان، سۇ تېگى، قۇش ئۇچسا قانىتى، ئادەم يۈرسە ئايىغى كۆيىدىغان تىلسىملىق جايلاردا ئەمەس، بەلكى رېئال، ھايات قاينىمى ـ شەھەر ـ قىشلاق، باغ ـ ۋارانلاردا يۈز بېرىدۇ. مىفولوگىيىلىك ئوبرازلار ـ دىۋە، يالماۋۇز، ئەژدىھارلار ئومۇمەن قاتناشمايدۇ.

تۇرمۇش چۆچەكلىرى ئىلىم ـ ھۈنەر، ئەمگەك، دوستلۇق، قەھرىمانلىق، مېھرى ـ شەپقەت، ۋاپادارلىق، چىن مۇھەببەت، ساداقەت، دانىشمەنلىكنى تەرغىپ قىلىدۇ. دوستنى دۈشمەندىن، ئەقىللىنى نادانلىقتىن، سەممىيەتلىكنى ساختىلىقتىن ئايرىتىشقا دەۋەت ئېتىدۇ. ئۇ مۇشۇ تەرەپلەردىن كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا ھەمرا بولىدۇ ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## § 4 - ھەجۋى چۆچەكلەر

ھەجۋى چۆچەكلەر خۇددى تۇرمۇش چۆچەكلىرىدەك ئىجتىمائى ھاياتتا رېئال ئاساسى بولغان ھاياتى ئىپىزودلار بىلەن بېزەلگەن چۆچەكلەر بولۇپ، ئۆتكۈر ساتىرا ۋە خۇشچاقچاق يۇمۇر ئۇنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ھەجۋى چۆچەكلەردە ساتىرا ئىجتىمائى ھاياتتىكى زىددىيەتلەرنى، قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ھەجۋى قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر مەلۇم مەنىدە سىنىپى كۈرەشنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەنىۋى قورالى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يۇمۇر بولسا ھاياتتىكى ئائىلىۋى قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ھېكايە قىلغۇچى چۆچەكلەرگە خاس بەلگىدۇر. ساتىرىك چۆچەكلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان كەمچىلىكلەرنى پاش قىلىدۇ. يۇمۇرىستىك چۆچەكلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى نۇقسانلارنى يېنىك كۈلكە يولى بىلەن تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. گەرچە ساتىرىك چۆچەكلەر بىلەن يۇمۇرىستىك چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىدا بەلگىلىك پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى خىل چۆچەكلەر تۇرمۇش تەرەققىياتىدىكى چوڭ ـ كىچىك كەمچىلىكلەر، نۇقسانلار، قالاقلىق، نادانلىق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، كاززاپلىق، ئالدامچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، خۇشامەتلىك، بىئەدەپلىك... ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىدۇ، ئىلغار پىكىرلەرگە يول ئېچىشتا، ساغلام كۈچلەرنى ئۆستۈرۈشتە بەدىئى ئەسەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئىجتىمائى تۇرمۇشتا ھەجۋىنىڭ رولى زور، ئۇ ئىنسان ئەقلى - قۇۋۋىتىنى ئۇتكۇرلەشتۈرۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك ئامىلدۇر، ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر كۈچكە ئىگە بولغان ھەجۋى چوچەكلەر ئوتمۇشتە ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپ ۋەكىللىرىگە قارشى كۈرىشىدە مەنىۋى قورال ۋەزىپىسىنى ئوتەپ كەلگەن بولسا، كېيىنچىرەك ئۇ، ئەنە شۇ ماھىيىتى بىلەن يۈكسەك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەجۋى چوچەكلەردە فانتاستىك ئويدۇرمىلار كەم ئۇچرايدۇ، ئۇ پەقەت ياردەمچى دېتال سۈپىتىدە بەدىئى ۋاستە ۋەزىپىسىنى بېجىرىدۇ.

ھەجۋى چوچەكلەرنىڭ ھەجمى قىسقا، ئىخچام بولۇپ، ئۇلاردا كوپرەك قارىمۇ-قارشى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئوزئارا توقۇنۇشى ھىكايە قىلىنىدۇ، ھەجۋى چوچەكلەردە ساتىرا ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەپ، يۇمۇر ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ساتىرىك چوچەكلەردە قازى - كاللانلار، پادىشا ۋە ۋەزىرلەر، فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، بايلار، مىرشاپلار جەمىيەتنىڭ ئاددى پۇخرالىرى ھەساپلانغان قىزىقچى، دانا كىشىلەر تەرىپىدىن ئاچچىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىنىدۇ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ نۇقسانلىرى كەسكىن ھالدا ئىنكار قىلىنىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن شەپقەتسىز ئوت ئېچىلىدۇ.

ساتىرىك چوچەكلەردە كۈلكىلىك ھالەت ئىككى خىل يول بىلەن يارىتىلىدۇ.

بىرىنچىسى، چوچەكتىكى دىئالوگىنىڭ خۇلاسىسى شەكلىدە نامايان بولسا، ئىككىنچىسى قارشى ھەركەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. «قازى بىلەن كەمبەغەل» «ئىككى موللا» چوچەكلىرىدە كۈلكىلىك ھالەت بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا يۈز بەرسە، «توھمەتچىلەر جازاسى»، «ئالدار كوسا» ئوخشاش چوچەكلەردە ئىككىنچى خىل يول بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئومۇمەن بۇخىلدىكى چوچەكلەر خاراكتېر جەھەتتىن لەتىپىلەرگە بەكمۇ يېقىن تۇرىدۇ،

يۇمۇرىستىك چوچەكلەر ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى كەمچىلىك - نۇقسانلارنى تەنقىت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنداق چوچەكلەر مەزمۇن جەھەتتىن دىداكتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك» ناملىق چوچەكتە، نىيىتى يامان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بىللە، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندىسە، «كاج بىلەن جاھىل» ناملىق چوچەكتە ئۇبول كاج بىلەن جەمىلەك جاھىلنىڭ قىلمىشلىرى ئارقىلىق، ھەددىدىن تاشقىرى كاجلىق ۋە جاھىللىقنىڭ ئادەمگە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىداكتىك مەزمۇن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

يۇمۇرىستىك چوچەكلەرنىڭ سيۇژىتى، كومپازىتسىيىسى ۋە ئوبرازلىرىدا ھەزلى كۈلكە ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، گەرچە ئوبرازلارنىڭ پورترېتى (چىراي - شەكلى) تەسۋىرلەنمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەركىتى ۋە ھالىتى كىشىلەردە ئىختىيارسىز كۈلكە قوزغايدۇ. «ئىككى ئاخماق» چوچىكىدە بىمەنى ئادەت كۈلكىلىك دېتاللار ئارقىلىق ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇنىڭدىكى دىئالوگلار چوچەك پېرسوناژلىرىنىڭ خۇسۇسى كەمچىلىكلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇمۇرىستىك تۈس بېرىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

دېمەك، چۆچەك سيۇژېتىنىڭ ئۆزگۈرۈشچانلىقى، چۆچەكلەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ قەھرىمانلار پائالىيىتى ئىچىدە يېشىلىشى، مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ بولماسلىقى، ئۆتكۈر ساتىرىك جەريان تاللىنىپ، كىچىك بىر ھاياتى دېتالنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق مۇھىم سىياسىي-ئىجتىمائىي يەكۈن چىقىرىشى ھەجۋى چۆچەكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارىسىدىكى «ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى»، «شىتىلە بىلەن پىتىلە»، «كاج بىلەن جاھىل»، «بىلەرمەن» قاتارلىقلار ھەجۋى تۈسى قويۇق بولغان چۆچەكلەر جۈملىسىدىندۇر.

## § 5 - چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىشى ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچىلىك جەلىپ قىلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. گەرچە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ چۆچەكلىرى تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن بەلگىلىك ئومۇملۇققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما شەكىل قۇرۇلۇشى، بايان قىلىش ئۇسۇلى، تىل ئۇسلۇبى ۋە ئوبرازى ۋاستىلىرى جەھەتلەردىن روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولىدۇ، يەنى ئۇ، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى، ئىدىيۋى ئىشەنچلىرى ۋە تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇ پەقەت شۇ خەلقلەرنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىكى پوئېزىيىلىك ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى يەر، سۇ ۋە تىرىكچىلىك شارائىتىغا ئاساسەن شۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. مەسىلەن؛ ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ئاساسەن دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ھېساپلانغان نانىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدۇ، شۇڭلاشقا «نان ئۇرسۇن» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەسىمى ھېساپلىنىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇش چۈشەنچىسىدە نان تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى خېمىردىن ياسالغان قەھرىماننىڭ كۈچىگە («خېمىر پالۋان» چۆچىكى) ھېچ قانداق كۈچ توغرا كەلمەيدۇ، مانا شۇ مەجازىي ئوبراز ئارقىلىق بىز شۇ خەلقلەرنىڭ ئىدىيۋى ئىشەنچلىرى، ئەمگەك ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ-ئادىتى، ئېتىقادى قاتارلىقلارنى ھېس قىلالايمىز، شۇنداقلا يەنە بىر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىمۇ ياشاش شارائىتى تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن شەكىللەنگەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى شۇ خەلقلەرنىڭ چۆچەكلىرىنىمۇ ئوخشىمىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر رايونى ئەتراپىغا تارقالغان چۆچەكلەردە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك، خوتەن ئەتراپىدىكى چۆچەكلەردە تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپ سەنئىتى ۋە باشقىلار، قۇمۇل ئەتراپىدىكى چۆچەكلەردە ئوۋچىلىق، لوپنۇر ئەتراپىدىكى چۆچەكلەردە بېلىقچىلىق ۋە

چارۋىچىلىق، ئىلى رايونىدىكى چوچەكلەردە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي تېما قىلىنىدۇ، ياكى توپ ئاساسى ئوخشاش بولغان چوچەكلەر ئەشۇ جايلارغا تارقالغاندا، شۇجايىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئوخشىمىغان ۋارىيانتلارغا ئىگە بولىدۇ.

چوچەكلەرنىڭ پېرسوناژ ئوبرازلىرى، سيۇژېتى ۋە تىل شەكلى بىرقەدەر مۇقىملىققا ئىگە. چوچەكلەرنىڭ پېرسوناژلىرى يازما ھېكايىلەردەك كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېرسوناژلار پائالىيىتىمۇ مۇرەككەپ ئەگرى بۈگرىلىكتىن خالىي. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن جانلىق ھەرىكەت سىزىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ، سيۇژېتلىرىمۇ بەلگىلىك مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئۈچ مۇچەلىك بولۇپ تۈزۈلىدۇ، يەنى چوچەكتە بىر ئادەم ئادەتتە ئۈچ تۈرلۈك قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ، ئۈچ دۈشمەننى يېڭىپ چىقىدۇ، ئۈچ ئەژدىھارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ، ئۈچ شەرتنى ئورۇندايدۇ، ئۈچ سىناقتا سىنىلىدۇ، ياكى بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ ئوغلى، ياكى ئۈچ قىزى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى (ئۈچىنچىسى) ئەقىل ۋە دانىشمەنلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلىدۇ ۋە دادىسىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تېپىپ، ھېكايە سيۇژېتىنى تەشكىللەش ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش شەكلىدىكى بىر ئورتاق قانۇنىيەتكە ئايلانغان، بۇنداق بايان قىلىش شۇ خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرى بىلەن باغلىق. مەلۇمكى، تۈركى خەلقلەرنىڭ شەجەرىسىدە ئەڭ كىچىك ئوغۇلنىڭ ۋارىسچانلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، بالىلىرىنى چوڭ قىلىپ تۇرمۇشلۇق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئايرىم ئۆيگە چىقىرىپ، ئەڭ كىچىك ئوغلىنى قالدۇرىدۇ، بۇ ئوغۇل شۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىر-يەڭگىل ئىشلىرىنى بېجىرىپ، ئاتا-ئانىسىنى ئاخىرقى ئۆمرىگىچە باقىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانا يېنىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا بولمايدۇ. مۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەت خەلق چوچەكلىرىدىكى ئوبرازلار خاراكتېرىگە سىڭگەن بولۇپ، كەنجى ئوغۇل ياكى كەنجى قىزنىڭ ئەقىللىق، باتۇر ۋە دانا سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق جەۋرى جاپالىرى ۋە ئەمگەك ئەجرى بىلەن باغلىنىدۇ، «بۇلبۇلگويا»، «ئۈچ ئوغۇل» «كەنجى باتۇر»، «ئۈچ ۋەسىيەت» ئوخشاش چوچەكلەر مۇشۇ ئەنئەنىۋى ئادەتتىن كېلىپ چىققان.

بۇنداق ئەنئەنىۋى ئۈچلىكلەر — ئۈچ يول، ئۈچ ئاكا-ئۇكا، ئۈچ ئات، ئۈچ كېچە-كۈندۈز... قاتارلىقلار سيۇژېت خاراكتېرىنىڭ بىرخىل قېلىپتا ئاستا-ئاستا داۋام قىلىشىنى تەمىنلەيدۇ. «ئۈر تۇقماق» چوچىكىدە چال خىزىر ئالدىغا ئۈچ قېتىم بارىدۇ، ئۈچ خىل نەرسە ئالىدۇ ۋە بۇ سىرلىق بويۇملار بىلەن باغلىق بولغان ئۈچ خىل ۋەقە ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى ئۈچلىكلەر قەھرىمانىنىڭ كەلگۈسى سەرگۈزەشتىلىرى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ.

چوچەكلەرنىڭ سىيوژىتىدا ئۈچلۈكلەردىن تاشقىرى يەنە توت، يەتتە، قىرق سانلىرى بىلەن باغلىق ئەنئەنىلەرمۇ مەۋجۇت، بۇلاردەسلەپ شۇخەلقلەرنىڭ قەدىمى ئورپ-ئادىتى، ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىق بولۇپ، كېيىنچىرەك ئەسلى ماھىيىتىنى يوقۇتۇپ، پوئېتىك ۋاستىلارغا ئايلاندى. دېمەك سىيوژىت سىزىقىدا مەۋجۇت ھەرىكەتنىڭ تەرتىپلىك ۋە باسقۇچلۇق راۋاجى خەلق چوچەكلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى بەلگىلەيدۇ.

تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئالغاندا، چوچەكلەرنىڭ تىلىدا يەنە مەلۇم مۇقىملىق مەۋجۇت، مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىنىڭ تىلىنى ئالساق، ئۇلار گەرچە بەزى مىللەتلەرنىڭ چوچەكلىرىدىكىدەك (روس چوچەكلىرى) باشتىن ئاياق مەخسۇس قېلىپلاشقان تىل ئۇسلۇبىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن چوچەكنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى مۇقىملاشقان تىل ئۇسلۇبىغا ئىگە.

كوپلىگەن چوچەكلەر «بارئىكەن، يوق ئىكەن»، «بۇرۇن بورۇندا، توخۇ تۇلۇمدا، ئودەك ئوگدا ئۇچقاندا، توگە ياڭاق چىشقاندا...»، «بورۇنقى ئوتكەن زاماندا-...بىر پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بارئىكەن، بىرى ئوقتا ئولۇپتۇ، بىرى دوقتا ئولۇپتۇ...» دېگەنگە ئوخشاش قېلىپلاشقان تىل بىلەن باشلىنىپ، «شۇنداق قىلىپ مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ...»، «ئۇئۇياققا كەتتى، مەن بۇياققا كەتتىم...» دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، مۇنداق ئەنئەنىۋى تىل ئۇسلۇپ ئادىتى بەزى خەلقلەرنىڭ چوچەكلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا چوچەكلەردىكى ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەت ۋە مىللى ئادەت، ئۇنىڭدىكى مەجازى ئوبرازلار ۋە ئىستىلىستىك ۋاستىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىپتىدائى مىفولوگىك چۈشەنچىلەردە قارلىغاچ ئىنسانلارنى بالا-قازادىن قۇتقازغۇچى مۇقەددەس نەرسە دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەپسانىۋى ھالدا «قىسسەئى رابغوزى» ئىچىدىكى «قارلىغاچ» ھېكايىسىدا خىيالى ئويدۇرمىلار سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. قارلىغاچنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى خەلق چوچەكلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن، «قارلىغاچ بىلەن يىگىناغۇچ»، «پاشانىمە ئۇچۇن غىڭشىيدۇ» قاتارلىق چوچەكلەردە ئادىمىزاتقا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن قارلىغاچ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەنەشۇ ئېتىقات تۈپەيلىدىن كىشىلەر قارلىغاچقا ئاتاپ ئۇگا ياساپ بېرىشنى ئادەت قىلغان، «قارلىغاچنى ئولتۇرسە ناھايىتى يامان بولىدۇ» دەپ، قاراپ، بۇنىڭغا ئەقىدە قىلغان.

دېمەك، خەلق چوچەكلىرى ئوزىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائى ئەھمىيىتى ۋە بەدىئى—ئىستېتىك قىممىتى جەھەتلەردىن ئومۇمەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئەجابى ۋە سەلبى ئوبرازلار نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تارىخىنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە ئىختىمائى ئىدىيىۋى قاراشلىرىدىن پەيدا بولغان مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت،

# 13 ـ باپ

## لەتىپە

خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مول مەدەنىي مىراسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگەللەپ كەلگەن كومىدىيە خاراكتېرلىك ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ بىرى لەتىپىدۇر.

مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلىقى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى، بەزىدە تاتلىق، بەزىدە ئاچچىق كۈلكە ئويغىتىشى، كۈچلۈك ھەجۋىلىكى ۋە يۇمۇرستىكلىقى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەن ۋە جانلىق بولۇشى، ھەمدە تېز تارقىلىش ۋە ئوڭاي ئەستە قىلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر لەتىپىلەرنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە ئۇ يۇقۇرىقىدەك بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كۈچلۈك ھەجۋى ۋە ئۆتكۈر كۈلكە ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلىقىنى پاش قىلىدۇ، ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە باھا بېرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىجتىمائى رېئاللىقنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

لەتىپە ئومۇمەن شەرق ئەللىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى نەسىردىن ئەپەندىدۇر، يەنى لەتىپىلەردە تۈرلۈك دەۋر تۇرمۇش ھادىسىلىرى، خىلمۇ ـ خىل ئىجتىمائى تەبىقىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئەپەندى ئىشتىراكىدا كۆرسىتىلىدۇ، ئەپەندى ئالاھىزەل ھەممە ئورۇندا، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مەرت ۋە باتۇر، توغرى سۆز، ھەققەتچى ۋە راستچىل، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، ئېھتىياتچان، تەجرىبىلىك، يالغاننى، ئالقاپلىقنى ياقتۇرمايدىغان، تۇرمۇشتا ئاچچىق ـ چۈچۈكنى ئوبدان تېتىغان كىشى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئەپەندى مېھنەتكەش خەلق قەھرىمانى، ئۇ بىر تەرەپتىن، مۇھتاجلىقتىن، غۇربەتچىلىكتىن، ھەتتا باش قاشلاشقا تىرنىقى قالمىغان، ھەمىشە قەرزدار، بىچارە ھال كىشى، بىراق، ئۇ شۇنچىلىك غەيرەتلىك، ئېپپەتلىك كىشىكى، ئۆزىنىڭ غۇربەتچىلىكىدىن بىراۋغا ھەسرەت قىلمايدۇ، سىر ـ بويى بەرمەيدۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن، تېكەنخور زالىملارنى، دىن نىقاۋىدىكى شەرىئەت پېشۋالىرىنى، شەرمى ـ ھاياسىز، نائىنساپ كىشىلەرنى ئۆتكۈر تىل

بىلەن قامچىلايدىغان، رەقىبلىرىدىن باپلاپ ئۆچىنى ئالىدىغان، تۈرلۈك يول بىلەن ئۇلارنىڭ سىر— ئەسرارىنى شەپقەتسىز ئېچىپ تاشلايدىغان داڭلىق ھەججۇۋچىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن لەتىپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ۋە قىسقا ھېكايىلەر خېلى قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، «ئەپەندى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەر تەخمىنەن X ئەسىرلەردىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ دەۋر فېئوداللىق تۈزۈم مۇستەھكەملىنىپ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى كۆرەشلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان بىر دەۋر بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا پەيدا بولىۋاتقان دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ تۈنجى بىخلىرى ئەنە شۇ لەتىپىلەردە ئەكس ئېتىپ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە «نەسىرىدىن ئەپەندى» ئوبرازىغا مەركەزلەشتى، ئەمگەكچى خەلق مانا بۇ ئەپچىل ژانىردىن ئۆتكۈر قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن باتۇرانە كۆرەش قىلدى ھەمدە شۇئارقىلىق لەتىپىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلدى.

«لەتىپە» سۆزى — ئەرەبچە «لۇتف»، «لاتىف» سۆزلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «نازۇك»، «نەپىس» مەنالىرىنى ئاڭلىتىدۇ، ھازىرقى ئىستىمال مەنىسى «كۈلكىلىك ھېكايە»، «چاخچاق»، «ھەزىل»، «قىزىقارلىق ۋەقە» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، خەلقارا تىللاردا (ئېنگلىز، روس، فرانسۇز ۋە نېمىس تىللىرىدا) ئانېكدوت (Anecdote) دېگەن ئورتاق نام بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ لەتىپىلىرى كۆپىنچە نەسىرىدىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغاچقا خەلقىمىز ئارىسىدا بۇنى «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دەپ ئاتاش ئادەت بولغان.

نەسىرىدىن ئەپەندى نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېكايىلەر ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق خەلقلىرى، ھەمدە ئەرەب ئەللىرى خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەپەندى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئەنە شۇ كەڭ زېمىندە ياشاپ كېلىۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان فولكلور قەھرىمانى بولۇپ كەلدى، شۇڭلاشقا بۇ خەلقلەر ئارىسىدا نەسىرىدىن ئەپەندى مىڭ ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنمىش دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر بار.

ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە گەپ بولغاندا كىشىلەر: «ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم زادى ئۆتكەنمۇ يوق؟»، «ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ بىرلا شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ؟» «ئەپەندى لەتىپىلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا كەڭ تارقىلىپ ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇشۇپ، بۇ ھەقتە ھەرخىل پىكىرلەرنى قىلىشىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار ۋە فولكلورشۇناسلار، نەسىرىدىن ئەپەندى تارىختا ئۆتكەن

رىيال شەخس، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە
يەنە ئۆزئالدىغا ھەرخىل پىكىرلەرنى قىلىشىدۇ، مەسىلەن: تۈركىيىلىك تەتقىقاتچىلار: «ئەپەن-
دى 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۇيەردە ۋاپات
بولغان، شۇيەرگە دەفنە قىلىنغان، تۈركىيىنىڭ ئاق شەھەر دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ قەۋرىسى
بار...»① دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ئەپەندى بۇخارالىق دېيىـ
شىدۇ، «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ل. ۋ. سولوۋيوۋ ئۆزىـ
نىڭ شۇ كىتاۋىدا: «خوجا نەسىردىن (ئەپەندى) بۇخارالىق بولۇپ، ئۇ شۇ يەردىكى شىرمەممەت
ئىسىملىك بىر كوزىچىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى. ئۇ ئۇز ھاياتىدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايىـ
لىرىغا بارغان. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە پۇخرالارغا ھەسداشلىق قىلىپ، ھوكۇمرانلارغا قارشى
ئىش تۇتۇپ كەلگەچكە، ھوكۇمرانلار ئۇنىڭغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى يوتۇ-
تۇشقا ئۇرۇنغان، شۇسەۋەپتىن، نەسىردىن ئەل ئىچىدە ئۆزىنى «ئۆلۈپتۇ» دېگەن خەۋەرنى
پەيدا قىلغان،... شۇڭا دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-لىرىدا، سەككىز يەردە ئۇنىڭ قەۋرىسى
پەيدابولغان، لېكىن ھېچكىم شۇقەۋرىلەرنىڭ قايسى بىرىنىڭ نەسىردىننىڭ قەۋرىسى ئىكەنـ
لىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ نەسىردىننىڭ قەۋرىسى يوقتۇر.
ئۇئۇمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەل ئىچىدە ناھايىتى يوشۇرۇن ھالدا ياشىغان. ئۇنىڭ قاچان ۋە
قەيەردە، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە، مەلۇمات يوق...»② دېگەن مەزمۇننى يازىدۇ.

يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇشەخسنىڭ دۇنيادىن
ئوتكەن— ئوتمىگەنلىكى تېخى ھازىرغىچە ئىسپاتلانغىنى يوق، بەلكىم ئۇ خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئوبرازبولسا كېرەك، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن ئاتاغلىق شەرقشۇناس، پارس ۋە تاجىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى بوراگىنسـ
كىي: «بىزمۇ بۇئوبرازنىڭ پەيدا بولۇشىنى چوقۇم مۇشۇ رايوننىڭ دائىرىسىدە، دەپ چەكـ
لەپ قويالمايمىز. بۇئوبراز ئوخشاش تارىخى شارائىتتا، ئوخشىمىغان جايلاردا— ئەرەپـ
لەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە— ئوخشاش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاتالمىش مۇسۇلـ
مان شەرقىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە
ئۆزئارا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا بۇئوبراز تېخىمۇ بېيىدى ۋە تو-
لۇقلاندى، ھەمدە بارلىق مىللەتلەر بۇ ئوبرازغا ئۆزىنىڭ توھپىسىنى قوشتى. يەنى بۇ ئوبراز
ئەرەپلەر ۋە تۈركىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە زاكاپكازىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى، ئۇيغۇر
لار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرمىللەت خەلقى، ئالبانىيىلىكلەر ۋە ئۇندىن باشقا بالقاندـ

① ئۆزبېكچە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» نىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىندى، 1960 - يىل تاشكەنت، بەدىئى ئەدەبىيات نەشرىياتى.

② ل. ۋ. سولوۋيوۋ: «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» تاشكەنت، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى. 1959 - يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە) 674 - 675 - بەتلەر.

كى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز ھەرقايسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ھەرخىل ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن جانلاندۇرۇپ كورسىتىلىپ،... ئەڭ ئاخىرىدا خوجا نەسىردىن (ياكى نەسىردىن ئەپەندى، ئەپەندى، موللا نەسىردىن) دەپ ئاتالدى...»① دەيدۇ.

بىز يەنە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى كەڭ تارقالغان جايلارنىڭ قايسى بىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ باققان بولمايلى، ئۇلار ھەرقايسىلىرى ئوخشاشلا نەسىردىننى ئوز خەلقى ئارىسى ۋە يۇرتىدا ياكى ئوزيۇرتىغا يېقىنلا بىرجايدا «ياشاپ ئوتكەن» لىگىدەك رىۋايەتنى قىلىشىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەپەندى يۇرتىمىزغا يېقىن بىرجايدا تۇغۇلۇپتىكەن» دەيدىغانلار بار، ھەتتا بەزى ياشانغان كىشىلەردىن: «ئاتا - بوۋىمىز ئەپەندىنى ئوز كوزى بىلەن كورۇپتىكەن»، دىگۈچىلەرمۇ بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە ياشىغۇچى خەلقلەردىن ئوزبېكلەر: ئەپەندى بۇخارالىق بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭ بۇشەھەرگە ئالاقىدار لەتىپىلىرى قېپقالغان، دېيىشىدۇ، تاجىكلار: ئەپەندى خوجەنت (ھازىرقى لېنىن ئاباد) تە ياشىغان، دېيىشىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە مەملىكىتىمىز ۋە چەتئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس، ھەتتا، نەسىردىن ئەپەندى تارىختا ئوتكەن رېيال شەخس دىگۈچىلەر ئارىسىدىمۇ زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت. شۇڭا تاھازىرغىچە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىبلىوگرافىيسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشمۇ ناھايىتى قىيىن مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەسىردىن ئەپەندى تارىخى شەخس بولماستىن، بەلكى غايىۋى ئوبراز بولسا كېرەك، ئەگەر نەسىردىن ئەپەندى ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق بىرشەخسنىڭ دۇنيادىن ئوتكەنلىگى مەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز ھازىرلەتىپىلەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەپەندى»گە تەڭ ئەمەس، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۇرگەن سانسىزلىغان لەتىپىلەرنىڭمۇ ھەرگىزشۇ بىرشەخسنىڭ سەرگۈزەشتىسى ياكى ئىجادى بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەربىر تارىخى دەۋرلەردە خەلق ئاممىسى ئوزلىرى ئىجات قىلغان بارلىق يومۇرىستىك ھېكايىلەرنى ئەنە شۇ نەسىردىن ئەپەندى نامىغا توقۇپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئى چىنلىققا كوتىرىپ، خەلق فولكلورىدىكى ئالەمشۇمۇل بىربەدىئى تىپقا ئايلاندۇرغان. شۇڭا دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىدە نەسىردىن ئەپەندىدەك ئۇزۇن ياشىغان، ھەمدە ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۇنىڭدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بەدىئى ئوبراز تېپىلمايدۇ.

---

① گېي باۋچۈەن: «ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى توغرىسىدا» ـــ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1963- يىل 1- سانىدىكى ۋە يەنە شۇ گېي باۋچۈەن تۈزگەن خەنزۇچە «ئەپەندى لەتىپىلىرى» نىڭ كىرىش سوزىدە كەلتۈرۈلگەن ئىستاتتىن،

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نەسىردىن ئەپەندى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۈرەشچانلىق روھى بىلەن باتۇرانە جاسارىتى، ئۆتكۈر زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى، ئېنىق مۇھەببەت - نەپرىتىنى، گۈزەللىك قاراشلىرىنى، ئاقكۆڭۈل ۋە ئەمگەكچانلىقىنى، خۇشچاقچاق ھەققانىيەتچى ۋە ئالىيجاناپلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۆلمەس ئوبرازدۇر. شۇسەۋەپتىن ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ، ئۆتمۈشتىكى — فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلىدىغان، ئاخماقلىق، نادانلىقنى مەسخىرە قىلىدىغان ئاچچىق ھەجۋى، كۈچلۈك يۇمۇر ۋە ئۇمىتۋارلىق بىلەن تولغان بۇ كۈلكە خەلقىمىزگە ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى مەنىۋى كۈچ بېغىشلاپ كەلمەكتە، شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، تاھازىرغىچە، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە قىزىقمايدىغان ۋە ئۇنى ياقتۇرۇپ ئېيتمايدىغان كىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۆزىگە خاس تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ زور ئىجتىمائى مەسىلىلىرىدىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى كىچىك مەسىلىلەرگىچە بولغان ئىنتايىن كەڭ تېماتىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى دانالىقى، خۇشچاقچاق تەبىئىتى، كىشىلەرنى ھازىر جاۋاپلىق بىلەن كۈلدۈرۈش جەھەتلىرىدىن قەدىمقى خەلق ئاغزاكى دىراممىلىرىدىكى ئىجابى قەھرىمانلارغا — مەسخىرىۋاز، قىزىقچىلارغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازىغا باغلانغان مۇشۇخىل لەتىپىلەردىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 2 مىڭدىن ئارتۇق لەتىپىلەر مەۋجۇت. لەتىپىلەرنى شەرتلىك ئاساستا، ئۇمۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، كۈچلۈك سىنىپىي قارىمۇ — قارشىلىق ئەكس ئەتكەن لەتىپىلەر، يەنى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ھەجۋى قىلغان لەتىپىلەر.

بۇخىلدىكى لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇلاردا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى — ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىگە مەنسۇپ بولغان قانخور ۋە زالىم پادىشا، ۋەزىرلەر، ھاكىم، بەگلەر ، قازى، ئىشانلار، ئالدامچى روھانىلار جازانىخور سودىگەرلەر قاتتىق پاش قىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ۋە قارشىلىق روھى مەدھىيىلەنگەن، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك، پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق ئىككى يۈزلىمىلىك...كە ئوخشاش ھەرخىل رەزىللىكلەر قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان. بۇخىلدىكى لەتىپىلەردە ئەپەندى يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئەمگەكچى خەلقتە خاس ھالدا، خەلق دۈشمەنلىرىنى پاش قىلغۇچى ئادىل، دانا سوتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئۆتكۈر ھەجۋى نەيزىسىنى كېلىشتۈرۈپ سانچىپ، ئۇلار بىلەن تىنىمۇ - تىنىم كۈرەش قىلىدۇ. ئەپەندىنىڭ بۇنداق قورقماس، كارامەتلىك خىسلىتى ۋە نەشتەردەك ئۆتكۈر تىلى ئالدىدا ھەرقانچە زوراۋان پادىشا ۋە ئەمەل-

دارلىرىمۇ ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى مانابۇنداق ئوپتىمىستىك روھ ئۇنى يەنىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىدۇ، مەسىلەن:

(1) ئەپەندىم «قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن» دەپ يۈرگەن كۈنلەردە پادىشا ئۇنى بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىپتۇ، يولدا ئۇلارغا بىر ۋەيرانىدا سايراپ تۇرغان ھوقۇش ئۇچراپتۇ. پادىشا ئەپەندىمدىن:

—قېنى ئېيتقىنا ئەپەندىم، ھوقۇش نېمە داۋاتىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ، ئەپەندىم:

—ھوقۇش پادىشانىڭ زۇلمى مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئازكۈندە شەھەرمۇ مېنىڭ ماكانىمغا ئايلىنىدۇ، دەۋاتىدۇ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

(2) ئەپەندىمدىن كىشىلەر:

— ئەپەندىم، نېمىشقا بەزى كىشىلەر باي، بەزى كىشىلەر كەمبەغەل كېلىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

—بايلىق، پۇل دېگەن سۇغا ئوخشاش نەرسە،- دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم— ئويمان يەرلەرگە توپلىنىپ قالىدۇ، كەمبەغەللەر تاغدەك ئېگىز خىسلەتلىك، بايلار پەس بولغاچقا، پۇلمۇ سۇغا ئوخشاش تاغلاردىن ئېقىپ، پەس جايلارغا يىغىلىپ قالغان.

مانابۇ خىل لەتىپىلەردە فېوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە قىلىنىشتىن ئىبارەت ئۆتكۈر سىنىپى زىددىيەت روشەن سۈپەتلەشتۈرۈشلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكسەك ئالىجاناپ خىسلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ زۇلمى ۋە پەسكەشلىكى پاش قىلىنغان.

بۇنىڭغا ئوخشىغان لەتىپىلەر ناھايىتى كۆپ، يەنە بەزى لەتىپىلەردە فېوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆتلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى پاش قىلىنىپ، ئۇلار كۈچلۈك مەسخىرە قىلىنغان، مەسىلەن:

(1) پادىشا ئۆزىنىڭ چوڭ مەدرىستە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىمگە ماختاپ:

—شاھزادىمىز، شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭلۈڭگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ،- دەپتۇ. ئەپەندىم:

—پادىشاھى ئالەم، شاھزادىنى كۆڭلۈڭگە پۈككەندىن ئەمەس، ئاۋال مۇشتۇمغا تۈككەندىن بىرسىناپ كۆرەيلى،- دەپ ئۈزۈكىنى مەھكەم سىقىملاپ شاھزادىگە كۆرسىتىپتۇ:

—قېنى شاھزادەم قولۇمدىكى نېمە؟

شاھزادە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ،

ئەپەندىم:

—بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۆزى دۈگىلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

——ھەبىلدىم، —دەپتۇ شاھزادە،— قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى،

ئەپەندىم دەرھال:

ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، خۇددى دادىڭىزنى دوراپسىز،— دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(2) بىركۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە مەھەللە ئىمامى مېھمان بولۇپ كەپتۇ، ئىمام: «بۇنى يېيىش سۈننەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى يېيىشمۇ سۈننەت» دەپ، داستىخاندا قويۇلغان نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىزە يەپ تۈگىتىپتۇ، شۇئارىلىقتا ئۆيگە ئەپەندىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى كىرىپ كەپتۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— خوش تەخسىر!

— ئىسمى نېمە؟

— پەرىز.

— ھوي، پەرىز دېگەنمۇ ئىسىم بولامدۇ؟— دەپتۇ ئىمام.

— تەخسىر، بالىمىزنىڭ ئىسمى سۈننەت ئىدى، لېكىن سىزنى يەپ قويامسۇن دەپ، پەرىز دىدىم،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

ئۇندىن باشقا يەنە بەزى لەتىپىلەردە دىنى خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىپ، ئىدىيىۋى ئەركىنلىك تەشەببۇس قىلىنغان. يەنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىياسى ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دىنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقلەرنى ئۆزۈندىن بۇيان مەنىۋى ئاسارەتتە قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق روھى كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرىلغان. دىنى تونغا ئورىنىۋالغان مەككار ئەمەلدارلار، ئالدامچى روھانىيلارنىڭ تۈرلۈك دىنى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، پۇخرالارغا زىيانكەشلىك قىلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن بايلىق توپلاش ھەمدە ئۇلارنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتەك ھەر خىل جىنايى ھەركەتلىرى پاش قىلىنغان. نامۇۋاپىق دىنى رەسمىيەتلەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈلگەن. ئەمگەكچى خەلقنى دىنى خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىۋى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندىگەن. مەسىلەن:

(1) بىر كۈنى ئىمام كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىمنى كايىپتۇ:

— ھەي بىناماز! بۇندىن كېيىن نامازغا كەلمىسەڭ، يېزىدىن كوچۈپ كەت!

— تەخسىر، ئۆزەم يالغۇز نەگە بېرىپ يېڭى يېزا قۇرىمەن؟ ياخشىسى، ناماز خانلىرىڭىز بىلەن مەچىتنى كوچۈرۈپ كېتىڭ.

(2) ئەپەندىم ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرسا، شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئاخۇنى كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەسەھىمنىڭ ئۇچى يىرتىلىپ، پۇتۇم چىقىپ قالدى، تەرەت توختىمايۋاتىدۇ. ھازىرلا ياماپ بەرسىڭىز،— دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

— تەخسىر، ھازىر ۋاقتىم يوق، ئەتە كېلىڭ،— دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق ھازىرلا تىكىپ بېرىڭ، بولمىسا بىر دۇئا بىلەنلا سىزنى ئېشەكتىن چىقالماس قىلىپ قويىمەن!— دەپ پوپوزا قىلىپتۇ ئاخۇنۇم.

— دۇنيايىمىز شۇنچە كۈچلۈك بولسا، مەسىمىزگە ئوقۇپ، ئىككىنچى يىرتىلماس قىلىۋېلىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

مانا بۇ لەتىپىدە خۇدانىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلماقچى بولغان چوڭ ئاخۇن تىگىشلىك دەككىسىنى يەپ ھىلە-نەيرەڭلىرى بىت-چىت بولۇپ، نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئۈممەت بىلەن كەلگەن كىشى رەسۋاسى چىققان ھالدا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دىمەك بۇ خىلدىكى لەتىپىلەردە ھەجۋى ئۆتكۈر سىنىپىلىكى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ، ئانتاگونىستىك تۈس ئالىدۇ.

ئىككىنچى، خەلق ئىچىدىكى مەسىلىلەر تېما قىلىنغان لەتىپىلەر.

بۇ خىلدىكى لەتىپىلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەر خىل ناچار خاھىشلار ۋە ئاخماقلىق، نادانلىققا ئوخشاش تۈرلۈك يارىماس ئىللەتلەر تىگىشلىك يۇمۇر ۋاستىسى بىلەن قاتتىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىنىپ تەنقىت قىلىنغان. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، فېئوداللىق ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كورسەتمەي مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئىچىدىمۇ شەخسىيەتچىلىك، خۇراپاتلىق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىق، تەقدىر-ئىلاھىيەتچىلىك، پىخسىقلىق، ھورۇنلۇق، ئاخماقلىق، نادانلىق... قا ئوخشاش تۈرلۈك يارىماس ئىللەتلەر بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇنداق خاھىشلارغا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە سەمىمى، دوستانە تەنقىت ئارقىلىق ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسى قوللىنىلىدۇ، ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ. بۇنداق مەزمۇندىكى لەتىپىلەردىمۇ ھەجۋى كۈلكە مەۋجۇت. ئەمما بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ھەجۋى قىلىشقا زادىلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

ئەپەندى تونۇشلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى پىخسىقلىق قىلىپ، ئەپەندىگە قاتتىق نان بىلەن بىر چىنە ھەسەل قويۇپتۇ. ئەپەندىنىڭ نانغا چىشى ئۆتمەي، ھەسەلنى قوشۇق بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئالاق-جالاق بولۇپ:

— ئەپەندىم ھەسەل دىگەننى نان بىلەن يىمىسە، كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىۋېتىدۇ، - دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۈن چىقماي ھەسەلنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— كىمنىڭ ئىچى ئېلىشۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ خىلدىكى لەتىپىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەردە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇشقاقلىق ۋە چىقىشالماسلىققا ئوخشاش ھەر خىل ناتوغرا كەيپىيات ۋە ناچار ئىستىللار تىگىشلىك يۇمۇر ۋاستىسى بىلەن تەنقىت قىلىنغان. مەسىلەن:

ئەپەندىم يېڭىدىن ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى ئۇرۇشقاق چىقىپ قاپتۇ، كۈندىلا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن غوغا كۆتۈرۈپ ئەپەندىنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى يوقلا بىر ئىش ئۈچۈن ئەپەندىمنى كايىپ:

— ئەجەپمۇ ئەر ئىكەنسىز، سىزدەك بىر ئەرگە تەككىچە، يەرگە تەگسەم بولماس-مىدى!— دەپتىكەن.

— سەندەك بىر خوتۇنغا ئۆيلەنگۈدەك يەر نىمە گۇنا قىلىپتىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ناچار خاھىشلار تەنقىت قىلىنغان بۇنداق مەزمۇندىكى لەتىپىلەردە تەنقىت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىرسى ئەشۇ خىل يارىماس قىلىقلارنى يۇقۇرقى مىساللاردىكىگە ئوخشاش بىۋاستە ھەجۋى قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، يەنە بىر خىلى ئەپەندىم ئۆزىنى «ئاخماق»، «نادان» ئورۇنىدا قويۇپ، ئۆز-ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەپەندىم كېچىسى قۇدۇققا سۇ ئالغىلى چىقىپتۇ. ئاينىڭ قۇدۇقتىكى شولىسىنى كورۇپ، «ئاي قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئورنىغا چىقىرىپ قويىماق لازىم» دەپ قۇدۇققا چاڭگاك سېلىپتۇ، چاڭگاك قۇدۇقنىڭ چاپچاپىغا ئىلىنىپ قالسا، ئەپەندىم، ئايغا ئىلىنگەن ئوخشايدۇ، دەپ بار كۈچى بىلەن ئارقىنىي تارتىپتىكەن، ئارقان ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ-دە، كوزى ئاسماندىكى ئايغا چۈشۈپ:

— خۇداغا شۇكرى، ئەزىيەت چەكسەممۇ، ئاينى ئورنىغا چىقىرىپ قويۇپتىمەن،— دەپ خاتىرجەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

مانا بۇ خىل لەتىپىلەردە ئەپەندى ھەددىدىن ئارتۇق «ئاخماق»، «نادان»، «ساددا» كىشى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بەزىلەر ئەپەندىنىڭ بۇ خىل قىياپەتتىكى ئەھۋالىغا ئانچە قوشۇلمايدۇ. بىزنىڭچە بۇ ھال ئەپەندى ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىگىگە ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى دانالىق بىلەن ئاخماقلىق، ئەقىللىقلىق بىلەن نادانلىق ھامان قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىگىدىن ئىبارەت. يالغۇز دانالىقلا ئەمەس، بەلكى ئاخماقلىق ۋە نادانلىقمۇ كىشىلەرگە سەلبىي تەرەپتىن ئەقىل ئۆگىتەلەيدۇ. ئەپەندىنىڭ ساددىلىقى ۋە ئاخماقلىقىنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى زور دانالىق ۋە باتۇرلۇق يوشۇرۇنغان. شۇڭا بۇنداق لەتىپىلەردىن كىشىلەر ئاخماقلىقنى، نادانلىقنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى بولغان ئەقىل ۋە دانالىقنى ئۆگىنىدۇ. بىز ئەپەندىنى بىر ئارتىست دەپ قارىساق، ئۇ سەھنىگە ھەر خىل روللارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ بەزىدە دانا، ئەقىللىق بولۇپ، كىشىلەرگە مەسلىھەت كورسەتسە، يەنە بەزىدە نادان، ئاخماق كىشى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ ئەقىل ئۆگىتىدۇ. بىز ئۇبدان دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەپەندىنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا قىلچىمۇ ئاخماق ئەمەسلىگىنى، بەلكى ئۇ خەلق ئالدىدا قوي بولسا، دۈشمەن ئالدىدا باتۇر يولۋاس ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىمىز. ئۇ ئاخماق كىشى قىياپىتىدە

مەيدانغا چىققاندا بىز ئۇنىڭ ئاخماقلىقىدىن قاتتىق كۈلىمىز، ھەمدە دەل شۇ كۈلكىدىن دەرھال ئېقىل تاپىمىز. ئەپەندى ئوبرازىنىڭ مۇنداق ھەر خىل قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشى لەتىپە ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگا-رەڭ، خىلمۇ-خىللىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلغاندا، لەتىپىلەردە ئىزچىل ھالدا بىر خىللىق، ئوخشاشلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇش ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىزلاشقان بولار ئىدى. بۇنىڭدىن بىز شۇنى كۆرۈمىزكى، نەسىردىن ئەپەندى پەقەت ئۆزىگىلا خاس خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئالاھىدە بەدىئىي ئوبرازدۇر.

بەزى لەتىپىلەردە ئەپەندى ئۆزىنى ئەنە شۇنداق قانچىكى نادان، ئاخماق ئورنىدا كۆرسەتمىشتىن قەتئىنەزەر، ئۇ يەنىلا ئەپەندىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل، ساددا ۋە سەمىمىي خاراكتېرىدىن گۇمانلىنىش پەيدا قىلمايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى زور ئابرويىغا داغ تەككۈزمەيدۇ. بەلكى ئۇ يەنىلا يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلىۋېرىدۇ، توۋەن قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ زور ھۆرمەت قوزغايدۇ، ئۇلار بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. دىمەك ھاياتتىكى تۈرلۈك نۇخسان ۋە كەمچىلىكلەر تەنقىت قىلىنغان بۇ خىلدىكى لەتىپىلەردە دوستانە ھەزىل ئارقىلىق مەنمەنلىك، مەمەدانلىق، گوللۇق، ئالدىراڭغۇلۇق، بىلەرمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، ئالدامچىلىق، ھورۇنلۇق، ئاخماقلىق... قا ئوخشاش ئىللەتلەر ئۈستىدىن پاش قىلغۇچى كۈلكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئىچىدە يەنە بەلگىلىك پەلسەپىۋى پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دىداكتىك مەزمۇندىكى لەتىپىلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگەللىگەن بولۇپ، بۇلارمۇ مۇئەييەن ئىجتىمائى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل لەتىپىلەر ئەقلىيە خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا نەسىردىن ئەپەندى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازى ۋە مەسلىھەتچىسى ئورنىدا مەيدانغا چىقىپ، كۈندۈلۈك ئىجتىمائى تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە كىشىلەرگە مەسلىھەت بېرىپ، ئېقىل ئۆگىتىدۇ، قانداق قىلىش ۋە قانداق ياشاش توغرىسىدا بىلىم بېرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا ئۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭا؟

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ؛ سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ!— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(2) نەپسىخور بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېرىڭا، كىشى قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

بۇ خىل لەتىپىلەر خۇددى ماقال-تەمسىل، ياكى ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنى ئەقلى جەھەتتىن زور تەربىيىگە ۋە بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ.

شۇ نەرسە ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ بىلىش رولى ۋە تەربىيىۋى رولى پەقەت ئۇنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، كىشىلەرگە ئارام ئېلىش ۋە خۇشاللىقمۇ بېغىشلايدۇ. «ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش رولى دىيالېكتىك بىرلىك» (جۇ ئېنلەي) بولۇپ، تەربىيىمۇ، كۆڭۈل ئېچىشمۇ ئوخشاشلا ئەسەرلەردىكى تىپىك ئوبرازلار ۋە باشقىلارغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى شۇنداقلا لەتىپىلەرمۇ ئىجتىمائى، تەربىيىۋى ۋە بىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئى شەكلى جەھەتتىكى گۈزەللىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، كىشىلەردە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلالايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوقى ۋە ھەۋىسىنى قوزغاپ، بەدىئى جەھەتتىن ھوزۇر بېغىشلايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلىۋىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرىدۇ.

بىز نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوبدان دىققەت قىلىپ كۆرسەك ئۇ بىۋاستە ھالدا يۇقۇرقىدەك زور ئىجتىمائى مەزمۇننى ئىپادىلىگەندىن سىرت يەنە، تىلىمىزدىكى كۆپ مەنىلىك ۋە ئاھاڭداش سۆزلەردىن، ھەمدە باشقا تۈرلۈك بەدىئى ۋاسىتىلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، سۆز ئويۇنى قىلىپ، قىزىقچىلىق بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭۈل-كۆكسىنى ئاچىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئېستېتىك زوق ۋە ھوزۇر بېغىشلاپ، روھى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرىدىغان لەتىپىلەرنىڭمۇ مەلۇم سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

(1) بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— بۇ شەھەردىن ئوبدان سىر ساقلايدىغان بىرسىنى تاپقىلى بولارمۇ؟

— شەھىرىمىزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، سىرلارنى يۇيۇپ كېتىمىسىمۇ، ئۇڭدۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا شەھىرىمىزدە سىر ساقلىماق تەس — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(2) بىرسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— بىرەر ئىشنىڭ تېگىگە ئەقلى يەتمىسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەپەندىم مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئەقلىڭ يەتمىسە، ئەقلىڭگە سۇ پۈركۈپ تارتساڭ ئۈزۈرايدۇ. سۇ پۈركىمىسەڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بۇ خىلدىكى لەتىپىلەرنىڭ بىلىش رولى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە رولىغا قارىغاندا كۆڭۈل ئېچىش ۋە دەم ئېلىش رولى ئاساسى سالماقنى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئاساسەن

كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، روھىنى كۆتىرىشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك، بۇ خىلدىكى لەتىپىلەردە ھېچقانداق بىر مەزمۇن بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مۇنداق لەتىپىلەرمۇ نوقۇل ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسىلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىمۇ ئەشۇ كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئىجتىمائى مەزمۇن ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، يۇقۇرقى مىساللارنىڭ بىرىنچىسىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى «سىر» نى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ھەر خىل ھىلە-نەيرەڭ ۋە رەزىل قىلمىشلىرى دەپ قارىغىنىمىزدا، يامغۇرنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىق ھەركەتلىرى دەپ ھىساپلاش مۇمكىن. دىمەك بۇ لەتىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن شۇكى، ئەشۇ زۇلۇ-مەتلىك فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ھەر خىل ھىلە-نەيرەڭلىرى ۋە رەزىل قىلمىشلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرغان قارشىلىق ھەركەتلىرى نەتىجىسىدە بەرىبىر يوقىتىلىدىغانلىقى ياكى ئاشكارە بولماي قال-مايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىككىنچىسىدە، بىر ئىشقا ئەقلى يەتمىسە، ئالدىراڭغۇلۇق قىل-ماستىن، سەۋرى تاقەتلىك بىلەن دادىل پىكىر يۈرگۈزۈش، داۋاملىق ئىزدىنىش لازىم-لىقى، شۇنداق قىلغاندىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قىسقىسى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بو-لۇپ، ئۇنىڭدىكى نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن قانچىلىك يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولسا، فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك دەھشەتلىك ۋە قورقۇنۇچلۇقتۇر. خۇددى فولكلورشۇناسلار ئېيتقاندەك: «ئەپەندى ناھايىتى ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ئۆتكۈر خىيالچان كىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەققانىيەتچىلىكى، راستچىللىقى، دادىل-لىقى بىلەن دايىم ئۆزىنىڭ ھەمرايى بولغان سولتەك ئېشىكىگە مىنىپ، خاپىلىقتا قالغان كىشىلەرگە ھىمداشلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مۈشكۈل ئىشىنى ئاسان-لاشتۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئادەم. شۇنداقلا ئۇ قورقماي گەپ قىلىدىغان سوزمەن كىشى بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارىتا قانداق يەردە بولسۇن قارشى گەپ قىلىدىغان، قەيەرگىلا بارسا ئاممىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان، ئاددى خاراكتېرلىك ساددا دىل، ئوچۇق كۆڭۈل، يېقىملىق ۋە قەدىرلىك ئادەمدۇر. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ مېھنەتكەش خەلقنى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆتكۈر زېھنىلىك، پاراسەتكە باي بولغان تىپىك شەخسدۇر.»①

نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدىكى فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە نەسىردىن ئەپەندى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا خاس خىسلەت بىلەن پادىشا ئوردىلىرى، خان سارايلىرى، مەچىت ۋە قازىخانىلاردا ھازىر بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى

---

① جىياجى: «ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەققىدە»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1956 - يىلى 1 - سان 70 - بەت.

بولغان قارا كۈچلەر بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچى خەلق بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەم قايغۇسىغا تەسەللى بېرىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە روھلاندۇرۇپ كەلگەن بولسا، يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇ يەنە يالغۇز رايونىمىز دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، پايتەخت سەھنىلىرىدە گېزىت ژۇرناللاردا ھەر كۈنى دېگۈدەك كەڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئاجايىپ بىر خىل ئۇللىق قىياپىتىدە يېڭى دەۋرنىڭ زەپەر مارشى ئىچىدە — سىياسى مۇنبەرلەردە، چوڭ يىغىن سورۇنلىرىدا، كوچا ئاپتوۋۇزلىرىدا، پويىز ئىستانسىسى ۋە ماشىنا بېكەتلىرىدە، كىنو ۋە تىياتىرخانىلاردا، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپلەردە، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرىدا، ھەر خىل خىزمەت ئورۇنلىرىدا — قىسقىسى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن تارتىپ، چوڭ سىياسى سەھنىلىرىگىچە ئارىلاپ يۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققى يۈرەك ساداسىنى ھەققانى ھالدا نامايىش قىلماقتا. ھەتتا بەزىدە دۇنياۋى چوڭ سەھنىلەردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەلقلەر ئارىسىدا سوھبەتداشلىرى ۋە سىرداش دوستلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ بارماقتا.

خوش ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر مىللى تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۆزلۈكسىز بېيىپ بېرىۋاتقان بۇ لەتىپىلەر يالغۇز شۇ دائىرە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، كوپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ باي غەزىنىسىگە قىممەتلىك بىر ئۈلۈش بولۇپ قېتىلىپ ۋە شۇ جۈملىدىن 20-ئەسىر مەدەنىيەت لوغىتى ئىچىگە «لەتىپە ئەدەبىياتى» دېگەن نام بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدا خىسلەتلىك رول ئويناۋاتقان ئەپەندى ئوبرازى بىلەن بىرگە شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئولمەي ياشاپ كېلىشىنىڭ ۋە ھەممىنى خۇددى ماگنىتتەك ئوزىگە تارتىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ئەلۋەتتە بۇ، ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئىش ئەمەس.

بىزگە مەلۇمكى، بىر خىل سەنئەت تۈرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ھەر خىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. بىزنىڭچە، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر تاكامۇللاشقان سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە شۇنچە ئۇزاق دەۋر ياشاپ كېلىشى ۋە كەڭ تارقىلىشقا سەۋەپ بولغان نەرسە، ئۇنىڭ بىز يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتكەن ئوتكۈر سىنىپىلىق ۋە خەلقچىللىقتىن ئىبارەت زور ئىجتىمائى مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك توپ بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بولالايدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى توپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ كۈچلۈك مەسخىرە ۋە ئوتكۈر ھەجۋىلىك خاراكتېرىگە تولۇپ تاشقاندۇر. يەنى لەتىپىلەر ئوتكۈر ھەجۋى ۋە قىزىقارلىق يۇمۇرىستىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بىر

تەرەپتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتتىق پاش قىلغان ۋە قامچىلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە قىلىقلارنى تەنقىت قىلغان. لەتىپىلەردىكى بۇ خىل ھەجۋى ۋە مەسخىرە ئۇنىڭ يېشىمىدىكى كۈلكىگە مەركەزلەشكەن. يەنى لەتىپىلەردىكى تۈگۈن كۆپ ھاللاردا دىگىدەك نەسىردىن ئەپەندى تەرىپىدىن جاۋاپ ياكى خۇلاسە تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر، ئىككى (ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك) جۈملە سۆز ئارقىلىقلا يېشىلىدۇ ۋە لەتىپىمۇ ئاخىرلىشىدۇ — دە، شۇ ھامان كىشىلەردە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. ھەمدە لەتىپىلەر شۇ كۈلكە ئىچىدە ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىدىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن:

بىر كۈنى ئەپەندىم مۇنچىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالدىراپ بارغىنىچە سۇپىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇشقا باشلاپتۇ. سۇپىدا ئولتۇرغان كىشى شەھەرنىڭ ھاكىمى ئىكەن. ئەپەندىنىڭ بىھۆرمەتلىكىدىن ئاچچىقى كەلگەن شەھەر ھاكىمى:

— ھەي بىھۆرمەت، ئەدەپسىز، سېنىڭ ئىشەكتىن پەرقىڭ قانچىلىك زادى؟ — دەپتىكەن، ئەپەندى دەررۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى غېرىچلاپ كۆرۈپ:

— پەرق كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئارانلا ئىككى غېرىچ! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مانا بۇ لەتىپىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شەھەر ھاكىمى قاتتىق ھەجۋى كۈلكە ئارقىلىق مەسخىرە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئاساسى ئىدىيە ۋە مەسخىرە كۈچ لەتىپىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەپەندى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان — «پەرق كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئارانلا ئىككى غېرىچ!» — دىگەن جاۋاپتىن ئىبارەت يېشىمگە مەركەزلەشكەن.

يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك لەتىپىلەردىكى بۇ خىل كۈلكىنىڭ ھەجۋى خاراكتىرىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. لەتىپىلەردىكى بۇ خىل ھەجۋى كۈلكە ئۇنىڭ ئاساسى بەدىئى كۈچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەنە شۇ كۈلكە قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى ئۇنىڭ تىغ ئۇچى شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ، ئېرىشكەن ئۈنۈمىمۇ زور بولىدۇ. لەتىپىلەر قارىماققا تۇرمۇشتىكى ئەرزىمەس ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ھەم ئاڭلاشقىمۇ كۈلكىلىكلا بىر نەرسىدەك تۇيۇلغان بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىجتىمائى مەزمۇن ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، لەتىپىلەردىكى ھەجۋى كۈلكە ئۇنىڭ تاشقى قېپى بولسا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائى مەزمۇن ئۇنىڭ مېغىزىدۇر. دىمەك لەتىپىلەر ئۆز رولىنى جارى قىلىشقا ئەنە شۇنداق ھەجۋى كۈلكىنى ئۆزىگە ۋاستە قىلغاندۇر.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى يەنە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددى ۋە شۇنچە ئىخچام بولۇشىغا قارىماي يارقىن ئوبرازچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا جانلىق، كونكرېت ۋە مۇكەممەل بەدىئى ئوبرازلار يارىتىلغان. ئۇ خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك بەدىئى تەسەۋۋۇرى

ۋە تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغىنى ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىدە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، لەتىپىلەردىكى ئاساسىي باش قەھرىمان نەسىردىن ئەپەندى بولۇپ، لەتىپىلا بولىدىكەن، ھامان بۇ ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە ئوبراز مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ھەم ئومۇمىلىققا، ھەم روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، قەيسەر، ھەققانىيەتچى، ئۈمىدۋار، ئاقكۆڭۈل ھەم خۇشچاقچاق كىشى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىق ئالىيجاناپ خىسلەتلىرىنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسىنى ئۆزىگە يىغقان يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازدۇر. شۇڭا مىللىلاشقان بىر تىپىك مۇھىت ئىچىدە، ئۇنىڭ نامى ئەقىللىق زېرەكلىكنىڭ ۋە يۇمۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، نەسىردىن ئەپەندى ھەرقاچان ۋە ھەممىلا يەردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ زۇلمىغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەشكە ئاتلانغان، ھەمدە ئېزىلگۈچى، جاپاكەش خەلقلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى كۈرەشكە ئۈندەيدىغان قەيسەر كىشىلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلىدۇر.

لەتىپىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە، بولۇپمۇ سىنىپىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان لەتىپىلەردە ئەپەندىگە قارىمۇ-قارشى ھالدىكى يەنە بىر پېرسوناژمۇ مەيدانغا چىقىپ، قارىمۇ-قارشى ئىككى پېرسوناژ ئوبرازى بىرگە يارىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، يەنى ئەمگەكچى خەلققە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىجابىي شەخس نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى بىلەن ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سەلبىي شەخسلەر — بايلار، ئەمەلدارلار ئۆزئارا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۆزئارا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قارىمۇ-قارشى سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغان بۇ ئىككى خىل شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. لەتىپىلەردە ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە يەنە، باشقا ئېپىك ئەسەرلەرگە ئوخشاش پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ ۋەقە ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتى، ھەركىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىشتا ئوخشاش ئۇسۇللارغا تايانماستىن، ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى (قىسمەن مونولوگ) ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. بىز لەتىپىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئومۇمەن ئۇنىڭ تىلىغا، يەنى قانداق ئۇسۇلدا سۆزلەيدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى سۆزلەيدىغانلىقىغا قاراپ چۈشىنىپ ئالىمىز. دېمەك لەتىپىلەردىكى ئوبرازلار ئارتۇقچە بايان ۋە تەسۋىرلەردىن (شارائىت، مەنزىرە، قىياپەت ۋە ھەركەت تەسۋىرلىرىدىن) خالىي بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىك تەپەككۇرنىڭ ئۆزئارا زىچ بىرلىشىشىدىن پەيدا بولغان ئەقلىي كۈچنىڭ ياردىمىدىن بارلىققا كەلگەن. لەتىپىلەر مانا شۇ ئوبراز يارىتىش خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەرقانداق ژانىرلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ دىققەت

قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئوتكۇر، توغرا، ئېنىق ۋە ئىخچام بولۇپ، ئاز سوز بىلەن مول پەلسەپىۋى داۋلىلارغا ئىگە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. لەتىپەلەردە بۇنداق چوڭقۇر ئىدىيە ۋە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ تۇرغۇچى ئوتكۇر سوزلەر ئاساسەن پىرسوناژ تىلىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ خىل تىل لەتىپىلەرنىڭ ئوزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ تەلىۋىگە ۋە پىرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن، ئۇنىڭدىكى پىكىرلەر ۋە ئوبرازلار كىشىگە ئېنىق چۈشەنچە بېرەلەيدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ھەر بىر لەتىپىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغاندا ھەرگىز تېتىقسىزلىق ياكى كونىلىق ھېس قىلمايدۇ. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللى ئەنئەنىۋى جۈملە شەكلى بولغان قىسقا، يەنى ئاددى جۈملىلەر مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئاڭلاشقا يېقىملىق، ئوقۇشقا راۋان، ئېغىزغا ئاسان چۈشۈپ بېرىدۇ، ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. لەتىپىلەردە يەنە تىلىمىزدىكى ئومۇمىي سوزلەردىن، سوزلەرنىڭ كوپ مەنىلىكلىگى ۋە ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىق تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشكە تىگىشلىك خىزمەت قىلدۇرغان.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇنىڭ تىلى كۈچلۈك ئاممىباپلىققا ئىگە. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەدەبىي تىل قوللىنىلغان بولۇپ، ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن روشەن پەرق قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكىدەك مۇرەككەپ، ھەشەمەتلىك سوز ئىبارىلەر ۋە جۈملىلەر ئاسان ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تىلىنى ئادەتتىكى ھەر قانداق كىشىلەر دىگەندەك چۈشىنەلەيدۇ ۋە بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. مانا بۇ خىل ئەھۋالمۇ لەتىپىلەرنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىش ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا سەۋەپ بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

لەتىپىلەرنىڭ تىلى يەنە كۈچلۈك ھەجۋىلىك، قىزىقارلىق ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى ئاساسى پىرسوناژ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تىلى بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكنى روشەن ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىلى كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇپ، ئوز خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن. ئۇنىڭ تىلىدا ئوتكۇر، قىزىقارلىق، كۈلكىلىك بولغان ئاجايىپ سوزلەر دائىم ئۇزۇلمەي جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ھەتتا لەتىپىلەردىكى ھەر بىر سوز ۋە جۈملىلەرمۇ دىگۈدەكلا ئەپەندىنىڭ ھەجۋى كۈلكىسى، مەسخىرىسى ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت - نەپرىتى بىلەن تولغان.

ئەپەندى لەتىپىلىرى يەنە قويۇق مىللى پۇراققا ئىگە. يەنى ئۇ مىللى تۇرمۇش مۇھىتىدا مەيدانغا كېلىپ، روشەن مىللى ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۇرگەن. ئەدەبىياتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگى ئۇنىڭ مىللى ئۇسلۇبىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، مىللى ئۇسلۇپ ۋە مىللى ئالاھىدىلىكنىڭ روشەن ياكى تۇتۇق بولۇشى ئەدەبىياتنىڭ مىللى شەكلىدە ئالاھىدە كوزگە چېلىقىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ

سەنئەت ئىجادىيەت پائالىيىتى جەريانىدا قايتا-قايتا ئاۋلانغان ۋە تاللانغان، كۆپ قېتىملىق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مۇكەممەل ئەنئەنىۋى شەكىلگە ئىگە. ئۇ گەرچە مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى كۆتۈرۈپ چىقمىسىمۇ، ئەمگەكچى خەلققە ھەر دائىم ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دەل ۋاقتىدا توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى. شۇڭا خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ھەجۋىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، مۇكەممەل ئەنئەنىۋى بەدىئىي شەكىلگە ئىگە ئەسەرلىرىنى «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى بىر خىل قېلىپلاشقان مىللىي سەنئەت ئۇسلۇبى قىلدى.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى ئىخچام، ۋەقەلىكى ئاددىي، قۇرۇلمىسى چاققان بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش كۈچى ئالاھىدە كۈچلۈك. مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە ۋە ئوبرازلارغا مۇناسىۋەتسىز بولغان بارلىق تەرەپلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. گەپ ئەگىتىلمەي ئولتۇرماستىن، پىكىرلەر دەل ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يېپ ئۇچى ئېنىق بولۇپ، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە رەزىللىك، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، راستچىللىق ۋە ساختىلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، لەتىپىلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. زور كۆپ ساندىكى لەتىپىلەردە ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پەقەت ئىككىلا پېرسوناژ تەسۋىرلىنىپ، بايان قىلىنغان، ۋەقەمۇ پەقەت بىرلا ۋەقەدىن تەركىب تاپقان. سانسىزلىغان لەتىپىلەرنىڭ ھەر بىرى ۋەقەلىك ۋە رەت تەرتىۋى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىم باغلىنىش بولمايدۇ. ئەمما ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن بىر خىل مەركىزىي ئىدىيە ۋە ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى يەنە ھەر بىر لەتىپىگە ئوخشاش سىڭگەن. شۇڭا ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەم ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگىدۇر.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە رىيال تۇرمۇش قارىسىغىلا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولماستىن، يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئەپچىل بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر، توقۇنۇشلار تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە ئۆتكۈر ھالدا چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ كۆرسىتىلىپ، لەتىپە ئاپتورلىرى ھېساپلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: لەتىپىلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى نەسىردىن ئەپەندى بىلەن پادىشا توغرىسىدىكى بىرمۇنچە ئەھۋاللارنىڭ رىيال تۇرمۇشتا بولۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما لەتىپىلەرنى تۈزگۈچىلەر ۋەقەلىكنى ئەنە شۇنداق توقۇپ چىقىپ، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ ئاددىي، يوقسۇل كىشىنى دائىم پادىشانىڭ ئالدىدا پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، شۇنچە زوراۋان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانىنىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، ئۇنى بويسۇندۇرالايدۇ. لېكىن كىشىلەر

ئادەتتە بۇ خىل لەتىپىلەرنى ئاڭلىغاندا ھېچقانداق سۈنئىلىك ھېس قىلمايدۇ. لەتىپىلەر ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق بەدىئىي توقۇلمىغا تايىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىن قەلبىدىكىنى ئىزھار قىلغاچقا، ئۇ ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنى ۋە ئورتاق ھېسسىياتنى قوزغايدۇ. دېمەك لەتىپىلەر تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە ھايات رومانتىكىسى ئارقىلىق يۈكسەك غايىۋىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا، ئۇنىڭ تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە يەنە موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىمۇ بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپە ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ كۆپ رەڭگا - رەڭ گۈللەر بىلەن بېزىدى.

فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى يۇقۇرى پەللىگە يېتىپ، قالاي-مىقان ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە چىرىك فېئوداللىق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خەلق ئاممىسىنىڭ چىڭ خانىدانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق كۈرەشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان 19 - ئەسىردىكى تارىخى رىياللىق موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساستىن ئىبارەت.

موللا زەيدىن بىلەن سەلەي چاققان رىيال تارىخى شەخسلەر بولۇپ، موللازەيدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پىچاننىڭ لۈكچۈن دىگەن يېرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەلق لەتىپىچىسى. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە. بولۇپمۇ لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپى مۇناسىۋەتلەر موللازەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان.

مەسىلەن:

(1) لوكچۈن ۋاڭى خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن خەلققە زىياپەت بەرمەكچى بولدى. بۇ زىياپەتكە موللازەيدىنمۇ تەكلىپ قىلىندى. زىياپەتنىڭ ئەرتىسى موللا زەيدىن-نىڭ بەدىنى قىزىپ ئاغرىپ قالدى. بىر دوستى يوقلاپ كېلىپ:

— نېمە بولدىلا موللازەيدىن؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى. موللازەيدىن:

— ھالال قېنىمغا تونۇگۈن قوشۇلغان ھارام قان سىڭگەندى، دەپ جاۋاپ بەردى.»

بىر كۈنى ۋاڭ موللازەيدىندىن سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن ئاي ھەر دائىم بولۇت ئاستىغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۈن ھەر كۈنى تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىدۇ؟

موللازەيدىن جاۋاپ بېرىپ:

— ئاخشىمى يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى «ئانا نان، ئانا نان!» دەپ زارلايدۇ. ئاي بالىلارنىڭ بۇ مۇڭلۇق زارىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن ئۆزىنى بولۇت ئارىسىغا يوشۇ-رۇۋالىدۇ.

كۈندۈزلىرى بولسا كۈن چاكارلارنىڭ چىلىق - چىلىق تەرلەپ ئىسسىق ئازاۋىدىن نەپسى بوغۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورىدۇ. كۈن ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، دائىم تاغنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

موللازەيدىن لەتىپىلىرى ئەنە شۇنداق روشەن ئىجتىمائى خاھىشقا ئىگە.

1816 - يىل سەلەي چاققان 19 - ئەسىردە قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئوپال رايونىدا ياشاپ ئوتكەن رىيال خەلق لەتىپىچىسى بولۇپ، ئۇ ئوز ئومرىدە خېلى كوپ لەتىپىلەرنى ئىجات قىلغان. ئۇ سوز قىلىشتا تاپانچىدەك چاققان بولغاچقا، «سەلەي چاققان» دەپ نام ئالغان. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىمۇ قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئوزىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن رىيال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىگە قورۇلغان. ئۇ ئوتكۈر تىللىق، ھازىر جاۋاپ، پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، چوڭ سورۇنلاردا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ قول چوماقلىرى بولغان ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشتا جۈرئەت قىلالىغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭدا سوز ئارقىلىق ھەجۋى كۈلكە پەيدا قىلىشتىن كورە، كوپرەك ھەركەت ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ، ھاكىم، ئەمەلدارلارنى ھەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئېلىش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

(1) بىر كۈنى زوھوردىن ھاكىم خوتۇنلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ:

— سەلەي، دۇنيادا مېنىڭ خوتۇنۇمدىن ئارتۇق سوغۇق نەرسە تېپىلمايدۇ،— دەپتۇ.

— شۇنداق تەخسىر،— دەپ ئۇنىڭ سوزىنى تەستىقلاپتۇ، سەلەي چاققان.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە زوھوردىن ھاكىم يۇرت موتىۋەرلىرىنى كاتتا زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. مېھمانلار ئىسسىق تەپتىدە تەلەپ كېتىپ:

— ۋاي ھاكىم، بەك ئۇسساپ كەتتۇق. ئەۋۋەل بىزگە ئەڭ سوغاق نەرسە ئىلتىپات قىلسىلا،— دەپ تەلەپ قىلىشىپتۇ.

— ھەي سەلەي! — دەپ چاقىرىپتۇ ھاكىم — ماڭ ئاشخانىغا يۈگەر، مېھمانلار ئۈچۈن سوغۇق نەرسە ئېلىپ چىق.

خوپ! دەپتۇ سەلەي چاققان، يۈگرەپ چىقىپ كېتىپ كوڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ، ۋە يەنە قايتىپ كىرىپ:

— تەخسىر، دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق بىر نەرسە يادىمغا كېلىپ قالدى. شۇنى ئەكىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! چاپسان ئەكىر،— دەپتۇ ھاكىم، مېھمانلار ئالدىدا راسا كېرىلىپ.

شۇ ئەسنادا سەلەي چاققان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۇنىمىغانىغا قويماي ھاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنىنى سورەپ كىرىپتۇ.

(2) «بىر كۈنى ئامبال ئىچ پۇشقىنىنى چىقىرىش ئۈچۈن سەلەي چاققاننى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا ئامبالنىڭ كارۋىتى ئاستىدا ياتقان بىر ئىشت قاۋىغان بويى كېلىپ سەلەي چاققاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ. سەلەي چاققانلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا راسا كەلىشتۈرۈپ بىر تەپكەن ئىكەن، ئىت يۇمۇلغان پېتى كارۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

— ھەي ئەدەپسىز، سېنى سەلەي دەپ قويساق نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ، — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ، — يۈز خاتىرە يوقمۇ، سەن زادى ھېچكىمدىن قورقمامسەن؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان. شۇنىڭ بىلەن دەررۇ تالاش-تارتىش باشلىنىپتۇ.

— كىمدىن قورقىسەن؟

— پادىشاھتىن.

— پادىشاھ كىمدىن قورقىدۇ؟

— بەگدىن.

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئامبالدىن.

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

— ۋاڭدىن.

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

— خاندىن.

ئامبال قىزىپ كېتىپ يەنە سوراپتۇ:

— خان كىمدىن قورقىدۇ؟

— تەي-تەي خېنىمدىن.

— تەي-تەي كىمدىن قورقىدۇ؟

— بوراندىن.

— بوران نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئەسكى تامدىن.

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— مۈشۈكتىن.

— مۈشۈك نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئىتتىن.

— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇرنىنى تولغاپ قويۇپ:

— ئىت مەندىن قورقىدۇ، — دەپ كارۋات ئاستىنى كورسۇتۇپتۇ.

يۇقۇرقى لەتىپىلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ دانالىقى، يۇكسەك ئەقىل-پاراسەت ئىگىسى ئىكەنلىكى، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ زىرەكلىكى بىلەن هوكۇمران كۇچلەر ئۇستىدىن هامان غالىپ كېلىدىغانلىقى كورسىتىلىدۇ.

قىسقىسى، موللا زەيدىن ياكى سەلەي چاققان بولسۇن، ئۇلار هەر قاچان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ چەكسىز كۇچ-قۇۋۋىتىنى ۋە يۇكسەك ئەقىل-پاراسىتىنى ئوزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن غالىپ قەهرىمانلاردۇر. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇهىتىدا ۋە باي سەنئەت زىمىنىدا تورەلگەن رېئال خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، موللا زەيدىن ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىمۇ نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ۋە داۋامى سۇپىتىدە، مەزمۇن جەهەتتىكى جەڭگىۋارلىقى، ئوز دەۋرىدىكى تارىخى رېئاللىق بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى، مىللىي ۋە يەرلىك تۇسىنىڭ قويۇق بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ كۇندىلىك پائالىيەتلىرىگە هەمرا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى كورۇشىگە مۇيەسسەر بولدى، هەمدە ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

لېكىن بىز يەنە شۇ نەرسىنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كورۇشىمىز كېرەككى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇزۇن مۇددەت هوكۇم سۇرۇپ كەلگەن فېئوداللىزىمدىن ئىبارەت سىنىپىي جەمىيەتنىڭ مەهسۇلى بولغاچقا، ئۇ بەلگىلىك سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمىلىكتىن خالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئوتمۇشتە هوكۇمران ئورۇندا تۇرغۇچى فېئوداللىزىم ئىدىيولوگىيىسىنىڭ ساغلام بولمىغان ئىدىيىۋى خاهىشلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالغان. شۇڭا بىز ناچار ئىدىيىلەر ئارىلىشىپ قالغان بۇنداق لەتىپىلەرگە ئەلۋەتتە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز، هوكۇمران سىنىپلارنىڭ بۇ خىل چىرىك نەرسىلىرىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ دېموكراتىيىۋىلىكى ۋە ئىنقىلاۋىلىقى بولغان لەتىپىلەردىن قاتتىق پەرقلەندۇرىشىمىز لازىم.

ئومۇمەن لەتىپىلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە قوشاقلاردىن قالسا توختاۋسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە تېخىمۇ قويۇق ئىجتىمائىي تۇسكە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان مۇهىم ژانىرلارنىڭ بىرىسىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەت، ئەپسانە قاتارلىق بەزى ژانىرلار هازىرقى دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئوزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تەدرىجى ئاجىزلاشتۇرۇپ بارماقتا. ئەمما لەتىپىلەر پەيدا بولۇش تارىخى جەهەتتە گەرچە رىۋايەت ۋە ئەپسانىلاردەك ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئىجتىمائىي قىممىتى جەهەتتە كۇندىن-كۇنگە تېخىمۇ زور ئەهمىيەتكە ئىگە بولماقتا. ئۇ دەۋرلەرنىڭ ئوتمۇشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ هەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوز بېشىدىن كەچۇرگەن تۇرمۇش سەرگۇزەشتىلىرىنى، ئورپ-ئادىتىنى ۋە ئىجتىمائىي-تارىخىي ۋەقەلىكلىرىنى ئوزىگە سىڭدۇرۇپ، داۋاملىق تۇردە بېيى-

ماقتا ۋە مۇكەممەللىشىپ بارماقتا. ئۇ يازما ئەدەبىياتقا پەيدىن-پەي سىڭىپ كىرىپ، يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرا ۋە يۇمۇر ژانىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇنداقلا ھەر قايسى دەۋرلەرگە خاس بولغان يېڭىچە مەزمۇندىكى لەتىپىلەر بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى تېخىمۇ نامايەن قىلماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيىتىمىزدىكى قالاق ئىدىيە، ناچار ئىستىل، ناچار ئەخلاق ۋە كەيپىياتلارنى قاتتىق تەنقىت قىلىدىغان، زور ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە يېڭى-يېڭى لەتىپىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئەپەندىم بىلەن بىرگە تارتىپ چىقىرىلغان ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، ماگىزىنىدىن قارا يىپ ئالاي دېسەم ناھايىتى قىس بولۇپ كەتتى. قارا يىپ تاپقىلى بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭ غولىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— بەللى ئاغىنە، ئويۇڭلەردە سىلەردەك قارا يىپ تۇرۇپ، ماگىزىنىدىن ئىزدىگىنىڭلار نېمىسى، — دەپتۇ.

لەتىپىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرى ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغىمۇ ئۆزلىشىشكە باشلىدى، ھەم شۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ۋە قىزغىن سۆيۈشىگە سازاۋەر بولماقتا. كۆپلىگەن خەنزۇ يازغۇچىلار «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»دىن ئىبارەت بۇ بىر قېلىپلاشقان، مۇستەقىل مىللىي ئۇسلۇپقا ئىگە ھەجۋىي سەنئەت شەكلىدىن بىۋاستە ئوزۇقلىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ماتېرىيال قىلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە خاس مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى»نى ئىجات قىلماقتا. قىسقىسى خەلق ياخشى كۆرىدىغان بۇ ژانىر يېڭى دەۋردە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگىدۇر.

تارىخنى ئۈزۈپ قويغىلى بولمىغاندەك، ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنى بولۇپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئىرادىتىسىنى ئۈزۈپ قويغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول مەنىۋى دۇنياسىدا ئىجات ئېتىلگەن نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى، كۈرىشى، ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتىمۇ شۇ نەرسىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇ يەنىلا بارلىق ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ جانلىق بەدىئىي قورالى بولۇپ قالىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. قىسقىسى نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ غايىۋى تىپ، خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشىغۇسى.

# 14 — باپ

## خەلق داستانلىرى

داستان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىچىدىكى كەڭ تارقالغان يىرىك ھەجىملىك ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژېت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبراز ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان زور ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى سۈپىتىدە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

«داستان» سوزى — قىسسە، ھېكايە، شانۇ-شوھرەت، سەرگۈزەشت، تەرىپلەش ۋە ماختاش مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئەدەبى تېرمىن سۈپىتىدە بۇ نام خەلق ئاغزاكى ئىجادى ۋە يازما ئەدەبىياتتىكى يىرىك ھەجىملىك ئېپىك ئەسەرلەرنى كورسىتىدۇ. بىراق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى داستانلار بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى داستانلار بىر-بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ.

خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا داستان ئوتمۇش زامانلار توغرىسىدا قەھرىمانلىق غايىسى كولىمىدىكى ھېكايىلەر ۋە رىۋايەتلەردۇر. «ئېپوس — بۇ خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى دائىرىسىدىكى جانلىق ئوتمۇشىدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىي — تارىخى قىممىتى، شۇنداقلا ئىنتايىن زور ئىجتىمائى، مەدەنى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە.»①

داستان مۇشۇ مەنىدە مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبى تېكىست، مۇزىكا بولۇشى، داستان كۈيلىگۈچى غەزەلخانلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگەللىگەن ۋە مۇزىكا چالالايدىغان بولۇشى زورۇر. بۇنىڭدىن خەلق داستانلىرىنىڭ قويۇق مۇزىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ.

داستانلارنىڭ يارىتىلىشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائى-سىياسى كۈرەش-

① «ئوزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى». تاشكەنت. 1980-يىل ئوزبېكچە نەشرى، 187-بەت.

لىرى، ئەخلاقى، ئېستېتىك قاراشلىرى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، ئازادلىق ۋە باراۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ئىدىئاللىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى كۈرەشلىرى ۋە غايىلىرى داستانلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، ئوبرازلار سىستېمىسى، سيۇژىتى ۋە كومپوزىتسىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ئۇلۇغۋار پوئېتىك ئومۇملاشتۇرۇشلار ۋە يۈكسەك بەدىئى ئوبرازلار ئۇلارنى دۇنيا فولكلورىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى بولغان شەرق ۋە غەربنىڭ بۈيۈك ئېپوسلىرى قاتارىغا قويىدۇ، ھەمدە ئەنە شۇ داستانلار ئۇزلىرىنىڭ قانۇنى ۋارىسى بولغان ئازات جۇڭخۇا كىشىلىرى قەلبىدە چەكسىز مىللى ئىپتىخار ۋە يۈكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزىم تۇيغۇلىرىنى يەنىمۇ كۈچلۈك جۇش ئۇرغۇزىدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىگى شۇكى: ئۇنىڭدىكى تارىخى ۋەقەلىك خەلق فانتازىيىسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان بەدىئى ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى — ئېپىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئىجتىمائى ئادالەت ھەققىدىكى ئىدىئاللىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىتلىرى بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇلغان. دېمەك، خەلق داستانلىرى ئېپىكلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كومپوزىتسىيە ۋە سيۇژىت قۇرۇلۇشى جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋەقە ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ۋەقە — ھادىسىلەر مەزمۇن تەرەپتىن قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك شەخسىگە، يەنى خەلقنىڭ غايىسىدىكى باھادىرلار ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. پەۋقۇلئاددە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى، ئىمكانىيەت ۋە ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەشكەن.

تېماتىك مەزمۇن ۋە ژانىر جەھەتتە يۇقۇرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى، لېكىن ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى ئىجتىمائى سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قەدىمىقى نەمۇنىلىرى ئاغزاكى ھالدا ساقلانمىغان. لېكىن خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار (داستانچىلار) نىڭ ئىجراسىدا ئاغزاكى رەۋىشتە مۇئەييەن ئۆزگۈرىشلەر بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن داستانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى مەلۇم بولغان بۇ داستانلارنى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلاردىن ئاجرىتىپ ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇمكى، داستان ۋە داستانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنى، سىياسى ھاياتىدا چوڭ ئورۇن تۇتقان داستانچىلار مىنەتكەش خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىۋارغا سازاۋەر. ئۇيغۇر خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ داستانچىلىرىنى «مەدداھ» دېگەن ئومۇمى نام بىلەنمۇ ئاتايدۇ. «مەدداھ» سۆزىنىڭ لوغەت مەنىسى

«مەدھىيىگۇچى» دېگەن بولۇپ، ئىستېمال مەنىسىدە ھېكايە ۋە داستان كۈيلەشنى كەسىپ قىلغان ماھارەتلىك ۋە ئىختىدارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەدداھلار ئەدەبىياتى داستانچىلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ھەم ئېپىك بايانى ھەم ناخشا ۋە مۇزىكىنى، ھەم دىراممانىك ھەركەتنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

دېمەك مەدداھلار (داستانچىلار) بىر تەرەپتىن خەلق داستانلىرىنى كۈيلىگۈچى، يادا بىلگۈچى، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، نەسىلدىن-نەسىلگە تارقاتقۇچى ئۇستادلىق خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكايە-رىۋايەتلەر ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىپ داستان تۈزگۈچى تالانتلىق ئىجاتكارلاردۇر. ئۇنىۋېرسال سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېستېتىك سېزىمىنى ئويغاتقۇچى مەرىپەتپەرۋەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇتمۇش فېئودالىزم جەمئىيىتىدە مەدداھلارنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ھەممە تەرەپتىن كەمسىتىلىشكە ۋە ھاقارەتلىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى. نەتىجىدە چىقىش يولى تاپالمىغان مەدداھلار ئاخىرى سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ۋە تەركى-دۇنياچىلىق يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۆتمۈشتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە تەسىرى نەتىجىسىدە «مەدداھ»لار ھەققىدە شەكىللەنگەن ئاساسسىز غەيرى چۈشەنچىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ئەنە شۇندا.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر خەلقىمىزنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا زور ئابرويى ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان مەدداھلارنىڭ داستان كۈيلىشىدە بەلگىلىك ئەنئەنىۋى قانۇنىيەت بار. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داستان ئېيتىش شەكلى ئادەتتە بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى كەچكۈزدىن تارتىپ باش باھارغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا يۇرت-مەھەللىلەر ياكى ئۇرۇقلار بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ خاراكتېرلىك بەزمىلەرگە مەخسۇس داستانچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ شەرىپىگە تەييارلانغان كىچىك زىياپەتتىن كېيىن داستان كۈيلەش باشلىنىدۇ. بەزمە سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان داستانچى ئەتراپىدىكى تىڭشىغۇچىلارغا قاراپ، مۇقەددىمە سۈپىتىدە قىزىقارلىق مۇزىكىلىق پارچىلارنى كۈيلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق داستانچى ئۆزىدە ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا جىددىي تېمىلاردىكى پوئېتىك ئەسەرلەرنى كۈيلەش ۋە تىڭلاش ئۈچۈن كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۆزىگە تونۇش بولغان داستانلارنى رەسمىي داستانچىلىق قائىدىسى بويىچە ھېكايە قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق كۈيلەش ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىشىدۇ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، بەزىدە داستاننىڭ مەلۇم قىسمى ئاخىرلاشقاندا بىر قېتىم تەنەپپۇس قىلىنىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى بۇ خىل داستانچىلىق بەزى جايلاردا ھەتتا بىر قانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇنداق داستانچىلىق سورۇنلىرىدا يۇرت-مەھەللە ئاقساقاللىرى داستان ئاڭلىغۇچى مېھمان-

لارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بەرگەن سوغا-سالاملىرىنى يىغىپ داستانچىغا بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا داستانچىغا قايتىش ۋاقتىدا ئۇنى تەكلىپ قىلغۇچى ساھىپخان يەنە قوشۇمچە سوغىلار (تون چاپان، قوي، ھەتتا كالا، ئات قاتارلىق)نى ھەدىيە قىلىشى مۇمكىن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، داستانچىغا بېرىلىدىغان بۇنداق سوغىلار ھېچقاچان مەجبۇرى ھالدا شەرتلىك بولمايدۇ. بەلكى ئىختىيارى ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ داستانچىغا بولغان كۆڭۈل ئىزھارى سۈپىتىدە بولىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى بۇنداق داستانچىلىق يەنە توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدا، ئەنئەنىۋى ھېيت-بايراملىرىدا، ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىر خىلى داستانچىلار (مەدداھ)نىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن جامائەت توپلانغان مەيدانلاردا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان داستان ئېيتىش. يەنى مەلۇم بىر داستانچى ئاۋات بازار كۇنلىرى ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپ، ئالدىن ئالا دۇمباق چالىدۇ. ياكى راۋاپنى ئۈنلۈك سايرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا بۇ داستانچىنىڭ ئەتراپىغا يۈزلەپ كىشى توپلىنىپ، داستانچىنى دەۋر قىلغان ھالدا چەمبەر شەكلىدە مەيدان (سەھنە) ھاسىل قىلىدۇ. توپلانغان خەلق داستانچىنىڭ مولچەرىگە يەتكەندىن كېيىن، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ھەركەتلەر ۋە يۇمۇرىستىك سۆزلەر بىلەن جانلىق كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، ئاندىن داستان كۈيلەشنى باشلايدۇ. بۇنداق داستان كۈيلەشنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇنىڭدا كۆپرەك ۋەقەلىكى جىددى بولغان جەڭنامىلىق داستانلار، رىيال تۇرمۇشتىن تاللاپ تۈزگەن تارىخىي شەخسلەر ياكى خەلق قەھرىمانلىرى شەنىگە بېغىشلانغان مۇزىكىلىق تارىخى داستانلار كۈيلىنىدۇ. ئەنە شۇ داستانچىلارنىڭ كۈيلىشى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇنداق بىر قانچە خىلغا بولىنىدۇ. بۇنى داستانلارنىڭ كىلاسسىپكاتسىيىسى دەپ ئاتايمىز.

### 1 - قەھرىمانلىق داستانلىرى

قەھرىمانلىق داستانلىرى پاترىئارخانلىق—ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە كوچمەنچىلىك ھايات بىلەن مەھكەم باغلىقتۇر. بۇنداق داستانلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە پاترىئارخال-ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ياكى فېئوداللىزىمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇرۇق-قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋام ئېتىشۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېرىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان، ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىلغان. جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەشۇ ئوبېكتىپ باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇغ ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى، ئىپتىدائى دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقلىرى ئۈچۈن چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەردانىلىق كۆرەستىشلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال بولدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا «قەھرىمانلىق دەۋر»[1] دەپ ئاتالغان ئەشۇ باسقۇچتىكى جەڭگى-جىدەللەر ۋە كۈرەشلەر چە-

ياندا، ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ بۈيۈك ئىپادىسى سۈپىتىدە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بارلىققا كەلدى. «خەلقنىڭ گۈدەكلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا، قەھرىمانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.»① شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانلىق داستانلىرى «خەلقنىڭ پەقەت گۈدەكلىك دەۋرلىرىدە...، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى پەقەت قەھرىمانلىق غەلىبىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن.»② دېمەك، قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىنسانلار ھاياتىدىكى قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئەنە شۇ «ئېپىك باسقۇچ»نىڭ پوئېتىك كۆرۈنۈشىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ماھىيىتى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلىكنى قەھرىمانلىق ئىدىئالى شەكلىدە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ۋە ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرغان جاسارەتلەر ئەسلى رېئاللىقتىن بىر مۇنچە ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەنى قەھرىمانلىق داستانلىرىدا كۆيلىگۈچىنىڭ بەدىئىي توقۇلمىسى ۋە ئىجادىي فانتازىيىسى رېئال ئىجتىمائىي ھايات ئامىللىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، خەلقنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ رېئال ئېلېمېنتى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن ساپ ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «ئوغۇزنامە» ئېپوپېيىسى، «دېدى قورقۇت» داستانى، «ئالپامىش» داستانى (تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە «ئالپامىش» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ۋارىيانتى خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىسپاتلانماقتا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا پاترىئارخال-ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئۇلاردا ئۇرۇغ ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىققا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت ئۈندۈرمە ھالەتتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرى ھەم مەۋجۇت.

قەھرىمانلىق داستانلىرىدا قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇقنى ئۇلۇغلاش، مەرتلىك تۇيغۇلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، سۆيگەن يارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەرت بولۇش ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشىش كېرەك، دېگەن غايە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

## 2 - جەڭنامە داستانلىرى

جەڭگى-جېدەللەر، تارىخى ياكى ئەپسانىۋى ئۇرۇشلار ۋە بۇنداق جەڭ ئېپىزوتلىرىدا قوشۇن ياكى يەككە شەخسلەرنىڭ جاسارەتلىرىنى تەسۋىرلىگۈچى داستانلار جەڭنامە داستانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جەڭنامىلار قەھرىمانلىق داستانلىرى تەسىرىدە فېئوداللىزم دەۋرىدە شەكىللەنگەن.

①② ۋ. گ. بېلىنسكي: «تاللانغان ئەسەرلەر» تاشكەنت 1955-يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 167-173-بەتلەر.

قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن جەڭنامىلارنى سېلىشتۇرساق، قەھرىمانلىق داستانلىرىدا باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى يەككىمۇ-يەككە ئېلىشىشلاردا، باتۇرلۇق ۋە مەرتلىك شەرتلىرىنى بېجىرىشتە نامايەن بولسا، جەڭنامىلاردا تۈرلۈك-تۈمەن خاراكتېردىكى ئۇرۇش ئېپىزوتلىرىدا كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان جەڭنامىلارنىڭ بىر قىسمى دىنىي تۈس ئالغان ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ غازاتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەپلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ؛ ھۆكۈمران تەبىقە ئىسلام دىنىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تارقاتقان شەخسلەرنى خەلق ئارىسىدا تەرغىپ قىلىش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ جەڭنامە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، «جەڭنامەئى ئابۇ مۇسلىم»، «جەڭنامەئى ئەمىر ھەمزە»، «جەڭنامەئى ئارسلانخان» ئوخشاش ئىسلام دىنىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلغان شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان جەڭنامىلەرنى ياراتقان. لېكىن بۇنداق جەڭنامىلەر ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ناھايىتى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇرۇغ، قەبىلە ياكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنى تەسۋىرلىگۈچى قەدىمقى جەڭنامىلەر زامانلار ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن داستانلار ئارىسىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقۇرقىدەك دىنىي خاراكتېردىكى جەڭنامىلەر ئىگەللىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە داستانچىلارنىڭ ئاغزىدىكى بەزى جەڭنامىلەردە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە مەرتلىك ۋە جاسارەت كۆرسۈتۈش، ئانا تۇپراقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن كۈرەش، ئەل يۇرتلار بىرلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دوستلۇق ئوخشاش ئالىيجاناپ غايىلار كۈيلىنىدۇ. «يۈسۈپ-ئەھمەت» ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولغان «ئالى بەگ بىلەن بالى بەگ»، «جەڭنامەئى جەمشىت»، «قەھرىمانى قاتىل»، «تومارىس»، «شىراق» قاتارلىق جەڭنامىلەر ئۇنىڭ يارقىن نەمۇنىسىدۇر.

### 3-تارىخىي داستانلار

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن رېيال ۋەقە ۋە ھادىسىلەر، ئايرىم تارىخىي شەخسلەر پائالىيىتى ئاساسىدا يارىتىلغان داستانلاردۇر.

ئومۇملۇقتىن ئالغاندا، قەھرىمانلىق داستانلىرىمۇ ئوخشاشلا تارىخىي رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن ئۇ، تارىخىي داستانلاردەك روشەن ھالدا تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تارىخىي داستانلاردا بولسا ئەنە شۇ نۇختا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن تارىخىي داستانلاردىمۇ يەنە تارىخىي چىنلىق بىلەن ئەپسانە، پاكىت بىلەن توقۇلما چېتىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى، بۇنداق ئەسەرلەردە كونكرېت تارىخىي ۋەقەلىككە فولكلورغا خاس رەۋىشتە يېڭى مەنا بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تېمىسى ۋە ئوبرازلىرى، ئالغا سۈرگەن غايىلىرى كونكرېت تارىخىي شارائىتتىكى كۈرەشلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

تارىخىي داستانلار تارىختىكى كونكرېت ۋەقەلەر ۋە پاكىتلارنى تەسۋىرلەش خاراك-

تېرى، ھوججەت ئاساسىنىڭ دەرىجىسى جەھەتلەردىن يەنە بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنى شۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ: (1) تارىخى قەھرىمانلىق داستانلىرى (مەسىلەن: «نوزۇگۇم»، «سادىر پالۋان» داستانلىرى مىسال بولىدۇ)، (2) تارىخى فانتاستىك داستانلار (مەسىلەن: «چىن تومۇر باتۇر» داستانى مىسال بولىدۇ)، (3) ئاۋتوبىئوگرافىك داستانلار (مەسىلەن: «سۇلتان ساتۇق بوغراخان»، «ئابدىرامانخان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «تومۇر خەلپە» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 4- رومانتىك داستانلار

ئاغزاكى يارىتىلغان ۋە ئاغزاكى ئىجرا ئېتىلگەن ئىشقى مۇھەببەت رومانتىكىسى ۋە فانتازىيىلىك سەرگۈزەشلەر خەلق قەھرىمانىنى ئىدىئاللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مېتودى سۈپىتىدە نامايەن بولغان داستانلار رومانتىك داستان دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىك داستانلار فېئوداليزم دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلىق بولۇپ، سۆيگۈ ماجىرالىرى، قورقۇنۇشلۇق سەرگۈزەشتىلەر چوچەكلەرگە خاس فانتازىيىلىك ۋەقەلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش ھادىسىلىرى رومانتىك داستانلارنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار سۆيگۈ رومانتىكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى ئاجايىپ فانتاستىك قەھرىمانلىق بىر-بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

رومانتىك داستانلارنىڭ سيۇژېت سىخېمىلىرى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىكى قەھرىمان ئوبراز ئۆزىنىڭ غايىۋانە ئاشىقىنى ئىزدەپ تىلسىماتلىق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئاجايىپ-غارايىپ ھادىسىلەرنى، مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، غەيرى تەبىئىي كۈچلەر بىلەن توقۇنىشىدۇ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئۆز مەقسىدىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئورۇن جەھەتتىن ھەشەمەتلىك سارايلاردا، ۋەھىمىلىك غارلاردا، شاۋقۇنلۇق بازارلاردا، سېھىرلىك ئېرەم باغلاردا، تىلسىملىق قورغانلاردا، قورقۇنۇچلۇق يەر ۋە سۇ ئاستى يوللىرىدا . . . يۈز بېرىدۇ، بىراق بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشى، ئوبراز خاراكتېرى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورگىنال خۇسۇسىيىتى بار.

لىرىك يونۇلىشىنىڭ 1-ئورۇندا تۇرىشى، تەسۋىرىنىڭ ئېنتىملىق تۇس ئېلىشى، يازما ئەدەبىيات تەسىرىنىڭ سېزىلمەس دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەنلىكى رومانتىك داستانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى بەلگىلەيدۇ. رومانتىك داستانلارنىڭ تەركىۋى ناھايىتى مۇرەككەپ؛ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا رومانتىك ئېلېمېنتلار بولغىنىدەك، رومانتىك داستانلاردىمۇ قەھرىمانلىق ئېلېمېنتلىرى، جەڭنامە خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ، ھەتتا بىر داستاندا بىر قانچە خىل تېما باراۋەر ئىپادىلەنگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ تىپتىكى داستانلارنى (1)

قەھرىمانلىق رومانتىك داستانلار («گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار مىسال بولالايدۇ).
(2) ئىشقى رومانتىك داستانلار («ھورلىقا - ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ)، (3) مەئىشەت - رومانتىك داستانلار («غېرىپ - سەنەم»، «بوز يىگىت» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. قەھرىمانلىق - رومانتىك داستانلاردا قەھرىمانلىق خاھىشى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، ئىشقى رومانتىك داستانلاردا سۆيگۈ ماجىرالىرى، سەرگۈزەشتىلىك ۋەقەلەر تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلىدۇ. مەئىشەت - رومانتىك ياكى ئىجتىمائى تۇرمۇش مەئىشتى تەسۋىرلەنگەن داستانلاردا رېئاللىقتىك ئامىللار، مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈمدىن نارازىلىق كەيپىياتلىرى، مەئىشەتلىك تۇرمۇش بىلەن باغلىق تۈرلۈكچە تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## د - كىتاۋى داستانلار

كىلاسسىك پوئېزىيە نەمۇنىلىرىنىڭ داستانچىلار تەرىپىدىن فولكلورغا خاس رەۋىشتە ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ياكى يارىتىلىشى جەھەتتىن يازما ئەدەبىي مەنبەگە ئىگە بولغان، شۇنىڭدەك، بىۋاستە يازما ئەدەبىيات تەسىرىدە يارىتىلغان ئەسەرلەر كىتاۋى داستانلار دەپ ئاتىلىدۇ. كىتاۋى داستانلارنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا ساپ فولكلور داستانلىرى ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان قەھرىمانانە جاسارەت، جەڭگى - جىدەللەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ جەڭگىۋارلىق نىسبەتەن ئاجىزراق بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ئاشقى شەرت-شارائىتلىرى بىلەن تىۋقۇنۇشقان كوتۇرەڭگۈ مۇھەببەت تېمىسىنىڭ خىلمۇ - خىل كۆرۈنۈشلىرى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمەن كىتاۋى داستانلارغا ئاساس بولغان مەنبەنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، رومانتىك ياكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە كەم ياكى كۆپ ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدىكى، كىتاۋى داستانلارنىڭ بىر قىسمى كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ خەلق داستانچىلىرى تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «بەھرام ۋە گۈلەندەم» ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» سى ئاساسىدا، «يۈسۈپ ۋە زلەيخا» شۇ سيوژېتتىكى فارس ۋە تۈركىي ئەسەرلەر ئاساسىدا، «رۇستەمى داستان»، «ۋامۇق - ئوزرا» پارىسچىدىن ئەزەربەيجانچىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمىلەر ئاساسىدا ئاغزاكى داستانلارغا ئۆزگەرتىلگەن. كىتاۋى داستانلار ئارىسىدا يەنە شۇنداق نەمۇنىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئاساس بولغان ئەدەبىي مەنبەنى تېپىش قىيىن، لېكىن ئۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى، بايان قىلىش شەكلى، تەسۋىر ماھىيىتى كىتاۋى مەنبەگە ئاساسلانغانلىقىنى ۋە يازما ئەدەبىياتتا يېتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «سەنۇبەر»،

«قەمەر شاھ»، «مەلىكە دىلارام» شۇنداق ئەسەرلەردىن ھېساپلىنىدۇ. «تاھىر - زوھرا»، «غېرىپ - سەنەم» ئوخشاش داستانلاردا بولسا ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىللەرگە خىلمۇ - خىل ئەدەبىي تىرادىتسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس رەۋىشتە مەھكەم چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما ئەدەبىي مەنبەگە ئاساسەن يارىتىلغان كىتاۋى داستانلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داستانچىلارنىڭ ئاغزىدا كۈيلىنىش نەتىجىسىدە خەلق داستانلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ۋە ئورگىنالىلىقا ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا خەلق داستانلىرى قاتارىغا كىرگۈزىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئۆگىنىمىز.

بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئومۇمى بەدىئى يۇنۇلىشىگە قارىساق، ئۇنىڭدا ئەسىرلەر بويى تاۋلانغان ۋە پىششىقلانغان خەلقنىڭ بەدىئى تىرادىتسىيىسى ۋە داستانچىلارنىڭ ئىجادى پائالىيىتى بىرلىكىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئالمىنتلىرى ۋە مىللى پوئېتىك شەكىللەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. داستانچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى، ئىجاتچانلىق ۋەئىجراچىلىق پائالىيىتىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەنە شۇ خەلقىمىزنىڭ مۇستەھكەم بەدىئى تىرادىتسىيىسى دائىرىسىدىلا نامايەن بولىدۇ. خالاس.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئورتاق كەۋدىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئالمىنتلىرى ۋە بەدىئى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كۆرسىتىش مۇمكىن؛

كومپازىتسىيە جەھەتتە:

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلىشىنى شەرق خەلقلىرىنىڭ داستانچىلىقىدا ئومۇمى ئەنئەنىۋى ئەنداز بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزمى ۋە نەسرى تېكىستلار تەشكىل قىلىدۇ. يەنى، داستاندىكى پېرسۇناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى ۋە ۋەقە ئېپىزوتلىرىنىڭ ئۆزگۈرۈش جەريانلىرى نەسرى يول بىلەن قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلۇشۇپ، پېرسۇناژلارنىڭ خاراكتىرى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى نەزىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىدىكى نەزمىلەر (شېرلار) ئاساسەن 7، 8 ۋە 11 بوغۇملۇق ۋەزىندە تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەزىن ۋە تۇراقلىرىنىڭ ئۆزگۈرىشى، مىسرا تۈزىلىشى ۋە قاپىيىلىنىش سىستېمىسى جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. 7، 8 بوغۇملۇق ۋەزىن ئادەتتە داستان ۋەقەلىرىنىڭ جەڭ - ماجرا تەسۋىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ۋەزىنلىك شېرلارنىڭ مۇزىكىلىق كۈيى ئۇرۇش ۋە جەڭ پائالىيىتىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئاساسەن تېزلىكنى بىلدۈرىدۇ، ۋەقە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇشقا ياپ كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى شېرلارنىڭ بوغۇم، ۋەزىن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىق سەپىرى، جەڭ مەنزىرلىرى، قىزلارنىڭ سەيلىگاھلاردا يۈرۈشلىرى، خەۋەر ۋە چاقىرىقلار، بەزمە ۋە يىغىلىشلار

تەسۋىرى قىسقا بەھرىلىك (7 - 8 بوغۇملۇق) شېئىرلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۇزۇن بەھرىلىك (11 ھىجالىق) شېئىرلار بولسا ھەركەتنىڭ نورمال تەكشىلىكىنى، ئىنسان ھېس تۇيغۇسىنىڭ قانۇنىيەتلىك رىتىمىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندىكى پېرسوناژلار-نىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى، تەرىپ - تەۋسىپلىرى، يۈرەك ھاياجانلىرى كۆپىنچە شۇ ۋەزىندە بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قىسقا بەھرىلىك شېئىرلارغا قارىغاندا ئۇزۇن بەھرىلىك شېئىرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال شېئىرلاردىكى ۋەزىن ئۆزگىرىش-لىرى خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئەلۋەتتە، ئېستېتىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە داستان نەزمىلىرىنىڭ ۋەزىن ئۆزگىرىشى-دىكى مەزمۇنەن ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.)

داستانلارنىڭ نەسىر قىسمى ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ نەسرى قىسمىغا قارىساق، ئۇلارنىڭمۇ ۋەزىنلىك بايانلاردىن ئىبارەت ئىكەن-لىكىنى ئۇچرىتىمىز؛ مەسىلەن: «سېيىت نوچى پور بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇن-داق بىر كۆتۈرۈۋىدى، ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كۆتەكتەك، پاشنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يۇلۇنۇپ چىقتى. سېيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەيۇھانناس! چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس، پىر-پىر - پىر - !!!...... سېيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى، پور بايۋەچچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماش-تەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كۆزدىن ئاققان ياشتەك، توز قويمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۈزگەن باشتەك، دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.» («سېيىت نوچى» داستانىدىن) خەلق داستانلىرىدا نەسرى بايانىنىڭ ئەنە شۇنداق ۋەزىنلىك ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

داستانلاردىكى نەزىم ۋە نەسرىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلار بەدىئىي فۇنكسىيە جەھەتتىن تەڭ ھوقۇقتا ئىگە، بىراق تەسۋىر ئالاھىدىلىكى ۋە ھەجىم نۇقتىنەزىرىدىن نەزىم قىسمى نەسرىدىن ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېمىسى، سيۇژىتى، كۆپچىلىك ۋەقەلىرى ئەنئەنىۋى ئورتاقلىققا ۋە دائىملىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، خىلى كۆپلىگەن سيۇژېت لىنىيەلىرى ۋە تېكىستتىكى بىر قانچە پارچىلار ئارىسىدىمۇ ئومۇملۇق مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئىشقى-رومانتىك داستانلاردا بۇ خۇسۇسىيەت كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

داستانلاردا مۇقەددىمە (شۇ ئەسەرنىڭ تۈگۈنى) ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ، داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئائىت ئىكەنلىكىنى («بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا»، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىدا»...) ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننى («چىن ماچىن ئېلىدە»، «دىقيانۇسنىڭ يۇرتىدا»، «ئىسپىھاننىڭ يېنىدا»، «بەلخ ۋىلايىتىدە»، «كۇيىقاپ شەھىرىدە»، «مىسىر ئېلىدە»...)، قەھرىماننىڭ ئەۋلادىنىڭ شەجەرىسى ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامۇ - نىشانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇلار ئارقى-

لىق ۋەقەلىك راۋاجىغا يول ئاچىدۇ.

داستان مۇقەددىمىسىنىڭ مۇشۇنداق بايان شەكلىنى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى (جۈملىدىن شەرق داستانچىلىقى) نىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى دەپ چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەقەلىك ئورنىنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، شۇ خىل داستانلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭچە مۇنداق ھېكايە قىلىشنىڭ بىر نەچچە خىل سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن؛

بىرىنچىدىن، بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا قارىتا خەلقنىڭ قاراشلىرىنى، مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۆرەشلىرىنى، ئەركىن ۋە بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، خىلمۇ-خىل مۇشەققەتلەرنى يېڭىشتىكى جاسارەت ۋە پاراسەتلىرىنى، ئەخلاقى چۈشەنچىلىرىنى خەلق ئىدىئالى سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق داستانلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. داستانچىلار بۇنداق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش ۋە كۈيلەش جەريانىدا ئەينى شارائىتتىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قارشىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارغا بىۋاستە تەگمەي كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئۆز يېرىدىن يىراق بولغان باشقا ئەل-يۇرتلاردا ياكى غايىۋى شەھەر-جايلاردا يۈز بەرگەن قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، داستانچىلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان داستانلارنى تېخىمۇ كەڭ دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەممە كىشىگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان يىراق شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئىشلىتىش، شۇ تارىخى شارائىتتىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بىر خىل قانۇنىيەتلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۈچىنچىدىن، بەزى داستانلاردىكى بۇنداق بايان شەكلى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، داستان ئىجراچىلىرى ۋە خاتىرىلىگۈچىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا رۇشەن ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىنى كىرگۈزىدۇ ۋە زورۇر ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى بىر داستاننىڭ ھەر خىل ۋاريانتلىق شەكىللىرىنىڭ بولغانلىقى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن: قولىمىزدا بار بولغان «غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ 4 خىل چاپى نۇسخىسىدا ۋەقەلىك ئورنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. «ھورلىقا-ھەمراجان» داستانىنىڭ نۇسخىلىرىمۇ شۇنداق؛ ئۇنىڭ قول يازمىلىرىنىڭ بەزىسىدە ۋەقەلىك ئورنىنى ھەلەپ شىرۋان دەپ كۆرسەتسە بەزىسىدە، چىنى ماچىن يۇرتى، يەنە بىر نۇسخىسىدا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ خوتەندىكى قاراڭغۇ تاغ ئېتىكى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئورنى ئەلۋەتتە، ئەنئەنىۋى بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ سىماسى بولالايدۇكى، ئۇ تارىخى رېئاللىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئەمەس. مۇشۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئاساسەن، تەۋەلىك جەھەتتە خەلق داستانلىرىنى تۈپلاش،

رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نىگىلىزىملىق ياكى شوۋىنىزىملىق خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

داستانلارنىڭ خاتىمىسىدە، قەھرىمانلار پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە توي تەسۋىرى، جەڭ غەلىبىسى، ئاداشقانلارنىڭ تېپىشىپ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتەلىگەنلىكىنى كۆرسۈتۈش بىلەن تاماملىنىدۇ. خاتىمە (تۈگەللىنىش) داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن پەرقلىق ھالدا، ھەم نەسىردە، ھەم نەزمىدە بېرىلىشى مۇمكىن. ئايرىم ھاللاردا داستانچىلار تۈگەللىمىدە قەھرىمانلارنىڭ مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتەلىگەنلىكىنى كۆرسۈتۈش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ھەققىدىمۇ قىسقىچە ھېكايە قىلىدۇ، داستاننى تىڭشىغۇچىلارغا ياخشى تىلەكلەر بىلدۈرىدۇ.

ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە:

خەلق داستانلىرىدا ئوبراز يارىتىش — ئۇنىڭ پۈتۈن شەكلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېساپلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى ھەم خاسلىقتا ھەم ئومۇملۇقتا ئىگە بولغان كونكرېت ئادەم بىلەن غايىۋى روھنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئۇ يازما ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى سىيۇژېت راۋاجىنىڭ مەنتىقى تەرتىۋى بويىچە قانات يېيىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپلىكتىن خالىي بولۇپ، داستاندىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن - ئاخىر ئەشۇ بىر ياكى ئىككى قەھرىمان ئوبرازغا خۇددى تۆمۈر قىرىندىلىرى ماگنىتتا يېپىشقاندەك زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا داستاندىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ (سۇ، تۇپراق، ئاسمان، شامال، يامغۇر، ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار... تەسۋىرى) يازما ئەدەبىياتتىكىدەك نوقۇل ھالدا ئايرىم سۈرەتلەنمەستىن، قەھرىمان ئوبرازنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى، ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كونكرېت خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. مەسىلەن: ھەمراجان ياكى قەمەر شاھنىڭ ساھا شامىلىغا مۇناجىتى، ئاسماندىكى تورغايغا مۇناجىتى، قۇم بارخانلىرىغا قىلغان ئىلتىجاسى ۋە خىتابى... قاتارلىقلار ئەشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ كونكرېت ئامىلى بولغان. داستانلاردىكى تىپىك ئوبرازنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىدە، قەھرىمانىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى لىرىكىلىق كۈي قويۇق ئېھتىمىلىق تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ھالدا جانلىق ھەركەت بىلەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە ھاسىل قىلغان. يەنى داستانلاردا ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ھەركەت، ھەركەت ئىچىدە لىرىكىلىق ئامىل چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆز - ئۆزىدىن ھېسسىيات تېپىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات بۇلىقىغا ئايلانغان.

خەلق داستانلىرىدىكى قەھرىمان ئوبرازنىڭ خاراكتېرىدا يەنە شۇ نەرسە كۆزگە چېلىقىدىكى، كۆپلىگەن داستانلاردا خىزىر ياكى پەيغەمبەردىن ئىبارەت بىر غايىۋى ئوبراز

مەۋجۇت. داستانلاردا ئۇچرايدىغان بۇ ئورتاق ئوبراز ئەسەر قەھرىمانىنىڭ چۈشىدە ياكى چىقىش يولى تاپالماي ھاياتلىق شامى ئۆچەي دېگەندە، قەھرىماننىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا دۇچ كېلىدىغان مۇشكۇلاتلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ، ياكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن نۇر چېچىپ، قەھرىماننىڭ ھاياتىغا ئىبرەتلىك مەزمۇن بېغىشلايدۇ. بۇ يەردىكى خىزىر ئوبرازى قانداقتۇ دىنىي — مىستىك ئەدەبىياتتىكى مەھكۇملۇققا يېتەكلىگۈچى خۇراپاتلىقنىڭ ۋەكىلى بولماستىن، بەلكى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈچى ئاۋام خەلق ئىرادىسىنىڭ ۋە ھەققانىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، شەخسنىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسى ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولغىنى بىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ مايىللىقى ۋە ھىمايىسى بولمىسا، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ، ھەر قانداق قەھرىماننىڭ باھادىرلىقى پەقەت خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدىلا نامايەن بولىدۇ، خالاس. ئەنە شۇ ئەقەللى ئۇقۇم خەلق سەنئىتىدە، خىزىر، ئەۋلىيا قاتارلىق غايىۋى ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئايلانغان؛ «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدىكى جۇنەيدىل باغداتنىڭ ئوبرازى، «پەرھات ـ شېرىن»، «رۇستەمى داستان،» «ھورلىقا ـ ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان»، «سەنۇبەر» دىن تارتىپ، يېقىنقى زاماندا يارىتىلغان «ئابدۇرامانخان پاشا» قاتارلىق داستانلاردىكى «يۈزىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان، ئېگىز بويلۇق، ئاپپاق ساقاللىق» خىزىر ياكى ئەۋلىيالار ئوبرازى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق ئوبرازلار كۆپىنچە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مەيدانغا چىقىپ، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىغا يول ئاچىدۇ.

تەسۋىرىي ۋاستىلار ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتە:

خەلق داستانلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېستېتىك قاراشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى ھېكمەتلىك ئافورىزىملىق سۆزلەردىن، ئەپىتېت خاراكتېرىدىكى ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

مەلۇمكى، ھەر بىر خەلقنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچىسى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن گۈزەللىك تۇيغۇسىدا بەلگىلىك مىللىي ئەنئەنە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، بەخت ئىستىكىنىڭ سىمۋولى، بۇلبۇل بولسا ئەشۇ سۆيۈملۈك يارنىڭ سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھوقۇش ۋەيرانىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىدا يەنە كۆپ تىلغا ئېلىنغان «كاككۇك بىلەن زەينەپ» نىڭ ئوبرازى ۋىسالغا ئېرىشەلمىگەن، دەرتمەن ئاشىق ـ مەشۇقلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ، شۇنداقلا يۇلتۇز بەختىنىڭ، قارىياغاچ ـ يەكلەنگەن لېكىن چىدامىلىق دەرتمەننىڭ،

قىزىل ـ خۇشاللىقىنىڭ، ئاق ـ ساپلىقىنىڭ، سېرىق ـ پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكىنىڭ، قارلىغاچ دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ، يىلان ـ قارا كۈچلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ. مۇنداق مۇقىملاشقان سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىش خەلق داستانلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى كەڭ جارى قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى بۇنداق سىمۋولىستىك ۋاستىلارنىڭ شۇ خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادى ۋە ئىستېتىك پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاستىلەرنىڭ باشقا خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئوخشاش مەنادا، شۇ تەرىزدە ئىپادىلىنىشى ناتايىن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا سىمۋول بىلەن بىر قاتاردا ئوخشۇتۇشمۇ كەڭ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ بىرى، خەلق داستانلىرىدا ھەقىقەتەن ئوخشۇتۇشنىڭ ناھايىتى گۈزەل نەمۇنىلىرى يارىتىلغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى «بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ، خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى....» دەپ تەسۋىرلىسە، يەنە بىرسىنى «ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك» دەپ تەسۋىرلەيدۇ، «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىدا، غېرىپنىڭ ناخشىسى ئارقىلىق سەنەمنى

بويلىرىڭ مىسلى لالىدۇر،
قارىشىڭ جاننى ئالادۇر.
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالىدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭنى، دەپ گۈزەل ئوخشۇتۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. «چىن تومۇر باتۇر» داستانىدىمۇ مەختۇمسۇلۇنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

كۆزلىرى چەشمە بۇلاقتەك،
قاشلىرى زىرۇ — زەۋەر.
قامىتى شەمشات دەرەختەك
سۆزلىرى شېرىن — شىكەر.
چاچلىرى مەجنۇن گويا،
يۈزلىرى شەمسى قەمەر.
لەۋلىرى مىسالى ياقۇت،
قوللىرى ئىشقا چېۋەر.
چىشلىرى دۇررى — سەدەپتەك،
پىكرى كەڭ، ئالەم كېزەر.

كىمكى كۆرسە ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشقى ئوتىدا جان بېرەر.

بۇنداق ئوخشۇتۇشلارنى ھەممە داستانلاردا كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا مۇبالىغە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ بىرى، بۇ نۇقتىدا داستانلارنى مۇبالىغىلاشتۇرۇش سەنئىتى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتى مۇبالىغە ئارقىلىق تېخىمۇ رومانتىك تۈس ئالغان. داستانلاردىكى مۇبالىغە ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىگە سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن: «ئالپامىش» داستانىدا ئالپامىشنىڭ تىلىدىن شۇنداق بىر چىرايلىق مۇبالىغە بېرىدۇ:

تىكىلسەم قۇرۇيدۇ دەريانىڭ سۈيى،
نەرە تارتسام غۇلار قورغاننىڭ تېمى.

«ھورلىقا — ھەمراجان» داستانىدىكى، «جەڭ تەسۋىرىدە... ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا مىخلىنىپ، تېنى يەرگە پاتتى»، «كويىقاپتەك كۆلپەت چۈشتى بېشىمغا» دېگەنگە ئوخشاش مۇبالىغىلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ پۈتۈن شەكلىدە يەنە شۇنداق خاراكتېرلىك بىر ئالاھىدىلىك مەۋجۇتكى، ئۇنىڭدا ماقال-تەمسىل تۈسىنى ئالغان ھېكمەتلىك نەزمىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئىجتىمائىي — پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئالغا سۈرۈلگەن. بەزى داستانلاردا بولسا، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا قېلىپلاشقان ماقال-تەمسىللەر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرغان بولسا، يەنە بەزى داستانلاردا، خۇددى خەلقنىڭ ماقال-تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىبرەتلىك مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەلق سەنئىتىدە نامايەن بولغان بۇنداق تەپەككۇر دۇردانىلىرى ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە خەلق داستانلىرىنىڭ پۈتۈن شەكلىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، تىڭشىغۇچىلاردا روشەن ئىستېتىك زوق ھاسىل قىلغان. داستانلاردىكى مۇنداق شېئىرى پارچىلار بەدىئىي جەھەتتىن شۇ دەرىجىدە مۇكەممەل ئىشلەنگەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئەسىرلەر مابەينىدىكى ھايات تەجرىبىلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئافورىزملار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

(1) دۆلەت قونسا بىر چۈشنىڭ باشىغا،
جەمى قۇشلار سالام بېرەر قاشىغا.

(2) ئات چاپسا كۆمبۆرلەر تاغنىڭ داراسى،
ئۆرۈشتا بىلىنەر مەرتنىڭ ساراسى.
(3) سازەندىلەر سازدىن چالار قول بىلەن،
يامان ئادەم كويدۇرىدۇ تىل بىلەن.
(4) سەبرى — گوھەر، سىر — ئالتۇن،
سىرى ئەھيان ئوزگىدۇر،
سىرى ئايان ئەھلىگە،
ئۇمرى كەريان كوزگىدۇر،
(5) ئامانەتكە خىيانەت،
نامەرت ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىنى،
قورققان كىشىدۇر.
(6) خەتنى بىلمىگەن ئادەم،
بېشىدا كېزەر ماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا،
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.
(7) ئەر سوزىدىن قايتمايدۇ،
يولۋاس باسقان ئىزىدىن،
(8) ئاسرىساڭ ئادەم بالىسى، ئاغزى بۇرنۇڭ قان ئېتەر،
(9) ئادىمىزاتنىڭ كۆلمىگى باردۇر.
ھامان بىر كۈن ئولمىگى باردۇر.
(10) ياخشىلىققا يامانلىق ھەركىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەركىشىنىڭ ئىشىدۇر.
(11) يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
ئوزگە يۇرتقا كەتمىگۈنچە.
ياخشى يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمىگۈنچە.
(12) ئاقىل بولساڭ مەزور بولما پارىغا،
پارا بىلەن يۈزۈڭ بويىما قارىغا.

.....................................

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىن مۇنداق ئۈلگىلەرنى كوپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئۇ ئوزىنىڭ مەزمۇندار-لىقى، مۇزىكادارلىقى، ئاددى-ساددىلىقى، دەلمۇ.. دەللىكى، ئىخچام ۋە ئاممىباپلىقى،

كونكرېت ۋە ھەسسىلىغى بىلەن خەلق تىلىنىڭ باي ۋە گۈزەللىكىنى نامايىش قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇ جەھەتتە تەپسىلىي مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ، كىتابخانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

دېمەك، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبىنى ۋە مىللىي پوئېتىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تارىخىدۇر. خەلق داستانلىرى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مىللىي ئىپتىخارلىق، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزم تۇيغۇلىرىنى تەربىيەلەشتە مۇھىم غايىۋى — ئېستېتىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، جۈملىدىن پۈتكۈل سەنئەت تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا مەشھۇر بولغان داستانلاردىن بىر قانچىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

«ئوغۇز نامە» داستانى — ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تارىخىدا كەڭ تارقالغان مەشھۇر ئوغۇز خاقان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغان ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى ھېسابلىنىدۇ.

«ئوغۇز نامە» ئېپوپېيىسى ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا كۆچۈپ، ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە بۇ جەرياندا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېيىغان ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. تارىخىي ئېپوس — «ئوغۇز نامە»نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى ۋە قىممەتلىك نۇسخىسى 13-ئەسىردىكى ئىلخانىلار ① (ilhanilar) دەۋرىدە بۇددىست ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدۇر. فرانسىيىلىك تۈركشۇناس پېللىئوت (Pelleot) تەرىپىدىن تېپىلغان بۇ قولىيازما ھازىر پارىژ مىللەتلەر كۇتۇپخانىسىدا 21 باسما تاۋاق، 42 بەت، 378 قۇرلۇق نۇسخىدا ساقلانماقتا.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «ئوغۇز نامە» — خەلقىمىز ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياراتقان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوس بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەر تارىختىكى پۈتۈن-پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى؛ داستان ئۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى دىنىي-ئېتىقات، تۇر-

① ئىلخانىيە — مىلادى 1251-يىللاردا ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن تۈركلەشكەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى.

مۇش شەكىللىرىنى، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئەسەر خەلقىمىزنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، تىل-يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئوغۇز خان ھەققىدىكى بۇ قىسسە تارىخىي رىۋايەت سۈپىتىدە ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىق بايانلار بىلەن كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلارغا يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە 1669-يىلى خىۋەخانى ۋە تارىخچىسى ئوبۇلغازى باھادىر خاننىڭ «شەجەرى تۈرك»، 14-ئەسىردىكى پېرسىيىلىك تارىخشۇناس رەشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» (ئومۇمىي تارىخ)، 15-ئەسىردىكى بەلخلىق تارىخچى خاۋەند شاھ مىرخۋاندىنىڭ «رەۋزە تۇسسافا»، 15-ئەسىردىكى (1541-1551-يىللىرى يېزىلغان) تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخ رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلىردىكى خاتىرىلەر ساقلانغان، لېكىن ئۇ كىتابلارغا خاتىرىلەنگەن «ئوغۇز خان قىسسىسى» ھېكايىتتە ئىشلىتىلگەن تىل جەھەتتىلا ئەرەپ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولماستىن، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇز نامە» دىن كۆپ سۇنئىي. شۇنداق بولسىمۇ بۇ نۇسخىلار «ئوغۇز نامە» تەتقىقاتىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇز نامە» ئېپوپېيىسىنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭدىكى مۇنداق ئىككى باسقۇچ ۋە ئىككى خىل مەزمۇن كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: ئەسەرنىڭ بېشى (ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تا ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولغىنىغا قەدەر) ۋە ئاخىرى (ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى.

بۇ، خەلق رىۋايەتلىرى، چۆچەكلىرى ۋە قەدىمقى مىفلار بىلەن باغلىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئېتىقادلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىزگە قەدىمقى خەلق ئېپوسلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى ئېپىزوتلار خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەر خىل باسقۇچلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئوغۇز نامە» داستانىنى ئۆزى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋالقى خەلق ئېپوسلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئىخچام ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر كۆرۈنۈشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا، ئوغۇز خاقاننى ھايۋانلارغا تەقلىت قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى ئۆكۈزنىڭ ئايىغىغا، بېلىنى بۆرىنىڭ بېلىگە، كۆكرىكىنى ئېيىقنىڭ كۆكرىكىگە ئوخشىتىدۇ ۋە «ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ئىدى» دەپ يازىدۇ؛ كېيىنكى ئېپىزوتلاردا

بولسا، «كوك تۈكلۈك، كوك يايلىلىق ئەركەك بورى» تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوغۇز خاقانىغا ھەمرا بولىدۇ، ئوغۇز خاقان «كوك بورى بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» دەيدۇ. بۇ تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمى توتېمىزىم ئېتىقادىنىڭ، يەنى ھايۋانلار ئالدىدا ئاجىزلىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان قەدىمقى تۇرمۇشىنىڭ ئەسەردىكى ئوزىگە خاس ئىپادىلىنىشى.

خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىمۇ تۈركلەرنىڭ بۇنداق ئېتىقادى توغرىسىدا: «بايرىقىغا بورىنىڭ بېشى ئالتۇن ھەل بىلەن چۈشۈرۈلگەن، قاراۋۇللىرىنىمۇ بورى دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ① بۇ پاكىتمۇ قەدىمىي ئۇيغۇرلار تارىخىدا توتېمىزىم ئېتىقادى خېلى ئۇزۇنغىچە ھوكۇم سۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئادەملەرنىڭ ۋەھشى ھايۋانلار بىلەن بولغان كۈرىشى ئىنسانلارنىڭ تەبىەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدە بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇ خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەھشى ھايۋانلارغا قارشى كۈرەش سيۇژىتىمۇ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى ۋە بەدىئى ئوزلەشتۈرۈلۈشى. «ئوغۇز نامە» دە ئىنسانلارنىڭ تەبىەتكە قارشى بۇنداق كۈرىشى خېلى زور بەدىئى كۈچ بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئوغۇز خاقاننىڭ كىشىلەر بېشىغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن ئەپسانىۋى بىر مۈڭگۈزلۈك ۋەھشى ھايۋان قىيات بىلەن بولغان كۈرىشى ۋە ئۇنى يوقىتىشى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش روھىنى ۋە تىنچ-ئاسايىش ياشاش ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

داستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئۆرپ-ئادەت ۋە مۇراسىملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېپىزوتلار ئالاھىدە دىققەتنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا تەسۋىرلەنگەن بىر مۇراسىمدا، 40 غۇلاچلىق ئىككى دەرخ تىكىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ، تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قوي باغلانغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شامان دىنى بىلەن باغلىق بىر خىل ئۆرپ-ئادەت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئوغۇز خاقاننىڭ ئىككى خوتۇن ئېلىش سيۇژىتى ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى ئومۇمەن ئانىلىق سەلتەنىتىنىڭ ھالاك بولۇشى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ھوكۈمران ئورۇنغا چىققان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كورسۇتۇپ بېرىدۇ. ئوغۇز خاقان ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ئوخشىمايدىغان ئىككى تەبىقىگە بولۇنۇشى — ئۇلارنىڭ ھاكىم ۋە تابىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۈزلۈكسىز ئوسۇپ بارىدىغان بىر خىل ئىجتىمائى زىددىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇز نامە» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، ئاساسەن، ئوغۇز خاقاننىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئېپوسلىرىغا خاس ئېلېمېنتلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «كوك بورىنىڭ يول باشلىشى» دېگەن قىسمىنى ئالساق، بۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئوزىگە

① «جۇشۇ. تۈرك تارىخى».

خاس تارىخىي ئىزچىللىق بىلەن بايان قىلىنغان، جايلارنىڭ ئەينى ناملىرى ھەتتا تەبىئىي شەرت-شارائىتلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئېپىزوتلار، ئېھتىمال تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنى ئېنىقلاش باشقا بىر ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى.

ئوغۇز ھەققىدىكى قىسسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئىزاھلانغان. گەرچە قەبىلىلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنئەنىۋى خەلق رىۋايەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ بۇ داستاندا ئۇ سيۇژېتنىڭ راۋاجىغا سىڭدۈرۈلگەن ۋە تېماتىك پىلانغا بويسۇندۇرۇلغان، ھەر بىر قەبىلىنىڭ نامى ئەسەر سيۇژېتىدىكى بىر ۋەقە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، شۇنداقلا تىل خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىلغان. ئالايلى، «قالاچ» قەبىلىسىنىڭ نامى بىر بەگنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئالتۇن ئۆي قېشىدا قېلىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقى بىلەن باغلىنىپ، «قال» ۋە «ئاچ» سۆزلىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن پەيدا بولغانلىقى يېزىلىدۇ. قارلۇق، قاڭقىي قەبىلىلىرىنىڭ نامىمۇ شۇنداق.

«ئوغۇز نامە» داستانى بەدىئىي شەكلى جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇكەممەل ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە شۇنى ئېيتىشقا بولىدىكى، ئەسەر سيۇژېتى ئىخچام ۋە ھەركەتچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئېنىق، تىلى رەڭدار ۋە چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىرى ئىنتايىن جانلىق، بەدىئىي ۋاستىلىرى باي ۋە خىلمۇ-خىل، رومانتىك خىيال ۋە رېئال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى قەدىمقى زاماندىلا خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئوغۇز نامە» — نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان داستان، لېكىن ئۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا ئوخشاش قاپىيىلىك جۈملىلەر، شېئىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار بارماق ۋەزنىنىڭ 8 بوغۇملۇق ھېجازىدا يارىتىلغان، شۇنداقلا يەنە 13 بوغۇملۇق ۋەزىندىكى شېئىرلارمۇ بار. بۇ شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى ئاھاڭدار، قاپىيىلىرى توق ئوبرازلىق ئىبارىلەرگە باي، قويۇق ھېسسىياتلىق بولۇپ، خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە.

ئومۇمەن، «ئوغۇز نامە» داستانى ئىسىل مەدەنىي مىراس بولۇپ، مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكلى ۋە مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن، قىممەتلىك تەتقىقات ماتېرىيالى ۋە ئۆگىنىش ئۈلگىسى.

«دەدە قورقۇت» داستانى — ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «دەدە قورقۇت» داستانىنىڭ سيۇژېتلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا 9-8-ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ تىرادىتسىيىسى بويىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۆتۈپ، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16-ئەسىرنىڭ بېشىدا تولۇقلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان. بۇ داستان موسۇلمان ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە زاكافكازىيىدە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭ قەھرىمانلىقلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان جەڭگىۋار ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەھرىمانلىق داستانىدۇر.

بۇ داستان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى خەلقلىرى ئارىسىدا «كىتابى دەدە قورقۇت» ياكى تولۇق ئىسمى «كىتابى دەدە قورقۇت ئەلا سانى تەيغى ئوغوزان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ داستاننىڭ هازىر دىرىسدەن ۋە ۋاتىكاندا ساقلىنىۋاتقان ئىككى خىل قولىيازمىسى بار. بۇ داستان بىرىنچى قېتىم 1950 - يىلى ئەزەر بەيجاندا بېسىلىپ چىققان. (ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارتولد 1922 - يىلى بۇ داستاننى روسچىغا تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان). شۇندىن بۇيان بۇ داستان تۈركىيىدە بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ۋە كوپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. داستان دانىشمەن، مۇتەپەككۇر قورقۇت ئاتىدىن خەۋەر بىرىشتىنلا باشلىنىدۇ. دەدە قورقۇت هەققىدىكى رىۋايەتلەردە قورقۇت ئاتىنى هەم شائىر هەم هەكىم (تېۋىپ) هەم شامان پىرى ... دەپ سۈپەتلەيدۇ، هەمدە ئۇنى ئۈچ ئەسىر (295 ياش) ياشىغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

داستان باشتىن ئاخىر بىر پۈتۈن سيۇژىتقا ئىگە ئەمەس. داستان 12 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، هەر بىرى مۇستەقىل داستان سۈپىتىدە ئۆز ئالدىغا ئورگىناللىققا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى داستاننىڭ باش قەھرىمانى بايانىر خاننىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئوغۇز باتۇرلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئۇرۇش پائالىيىتىنى تەسۋىرلەيدىغان 10 هېكايە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك سيۇژىتلار بىلەن تۇتىشىدۇ.

داستاننىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئوغۇز قەھرىمانلىرىنىڭ يىقىن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، گىروزىن، ئەففاز، گىرىك ۋە زاكافكازىيە يەرلىرىدە «دىنسىز» لار بىلەن قىلغان جەڭلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا 10 هېكايە بېغىشلىنىدۇ. قالغان ئىككى هېكايە رومانتىك مۇھەببەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ سيوژىت مەركىزىدە گۈزەل، باتۇر پەرىزات قىز بىلەن خانتۇرالى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالى قاجى تۇرىدۇ. سيۇژىت توقونۇشىنىڭ مەركىزىدە پەرىزات قىزنىڭ ئۆزىگە شەيدا بولغان يىگىتلەرگە قويغان شەرتلىرى، ئۇلار بىلەن كەسكىن بەسلىشىشلەردە نەچچە ئون يىگىتنى يەڭگەن پەرىزات قىزنىڭ مەرتلىك جاسارىتى كورسىتىلىپ تۈرك ئاياللىرىنىڭ قەھرىمانلىق، پەزىلەتلىك ئوبرازى گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ.

«دەدە قورقوت» داستانى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ھەقىقەتەن ئاتاغلىق ئالىم ۋە فىروفىسسور مۇھەممەت فۇئات كوپرۇلۇزادە ئېيتقاندەك: «پۈتۈن تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتىنى تارازىنىڭ بىر كوزىگە، «دەدە قورقۇت» نى يەنە بىر كوزىگە قويسىڭىز يەنىلا «دەدە قورقوت» بېسىپ كېتىدۇ.»①

---

① «دەدە قورقوت كىتاۋى»، كىرىش سوز، 5 - بەت. تۈركچە 1966 - يىل نەشرى، ئەنقەرە.

«ئەرگىنە قون» داستانى — تۇتېمىزىم ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان، شامانىزىم تۈسىنى ئالغان بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېساپلانغان ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغۇچى شەرق تۈركلارنىڭ ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردىن تۇتېمىزىمغا ئېتىقات قىلغان، قەبىلىچىلىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان چاغدىلا رودا ئېرىتىش ۋە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بەدىئى شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنسانى ماھىيىتى كۈچىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۈسىنى ئالغان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ.

بۇ داستان قەدىمقى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا نەزمى شەكىلدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس رىۋايەتلىك سيۇژىتقا ئىگە.

«ئەرگىنە قون» داستانى ئومۇمى تۈركى خەلقلەر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان تارىخى تۆھپە بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئىجابى تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەنمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

«ئالپامىش» داستانى — «ئالپامىش» داستانى قەدىمقى قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. ئېپىك مەزمۇنىنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ھېساپلىنىدۇ.

كۆچمەنچىلىك ھايات ۋە پاترىئارخال — ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بىر دەرىجە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان زامانلاردا يارىتىلغان، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ھاياتى مەسىلىلىرىنى ئۆزىگە خاس رېئاللىق بىلەن — قەھرىمانلىق ۋە گۈزەللىك ھەققىدىكى خەلق ئىدىئاللىرى دەرىجىسىدە كۆيلىگەن «ئالپامىش» داستانى تۈركى خەلقلەر پاترىئارخال — ئۇرۇقچىلىق ھاياتىنىڭ پوئېتىك كۆرۈنۈشىدۇر.

داستان بىر قانچە تۈركى خەلقلەر ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن ياشىغان غەيرى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان.

تەكشۈرۈشلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، «ئالپامىش» داستانى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ۋارىيانت بىلەن تارقالغانلىقى مەلۇم. لېكىن ھازىر «ئالپامىش» داستانىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم بولغان نۇسخىسى ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ۋە بىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن غوللۇق نۇسخىسىدۇر. ئۆزبېك خەلق شائىرى پازىل يولداش ئوغلىدىن يېزىپ ئېلىنغان بۇ نۇسخا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئا. س. پۇشكىن نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ فولكلور ئارخىپىدا ساقلانماقتا.

«ئالپامىش» داستانىنىڭ سيۇژېت تەركىبى ۋە ئاساسى ۋەقەلىكلىرىگە دىققەت قىلساق ئۇنىڭدا پاترىئارخال — ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئۇنىڭدا ئايرىم ئۇرۇغ ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقتا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت ئوندۇرمە ھالەتتىكى راۋاجلانمىغان فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرى ھەم مەۋجۇت. يا-

تارىخال — ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىمىرىلىشىگە قاراپ يۈزلىنىشى ۋە فېئوداللىزمنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ھەممە يەردە بىر ۋاقىتتا ۋە بىر خىل شەكىلدە سادىر بولغان ئەمەس. داستاندا تەسۋىرلەنگەن بۇنداق ئىجتىمائىي ھايات شەكلى ۋە ئۇنىڭدىكى بىر قاتار ۋەقەلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق «ئالپامىش» داستانى كۆچمەن چارۋىچى قوڭغىرات قەبىلىسى ئارىسىدا موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى سىر دەريانىڭ ئاساسى ئېقىنلىرى ۋە ئارال دېڭىزى ئەتراپلىرىدا بارلىققا كەلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. يەنى، قوڭغىرات قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۈتمەك تەسۋىرى سۈپىتىدە X-XI ئەسىرلەردە پەيدا بولغان، قوڭغىرات قەبىلىسىنىڭ تۈرلۈك جايلارغا سىلجىشى ۋە كۆچۈشى بىلەن داستان باشقا ئۇرۇغ ۋە ئەللەرگە ئۆتۈپ ھەر بىر ئۇرۇغ ۋە ئەۋلادنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا قايتا ئىشلىنىپ تېخىمۇ بېيىغان.

«ئالپامىش» داستانى قەھرىمانلىق، مەردلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تۈرلۈك ئەۋلادلار ۋە خەلقلەرنىڭ دوستلۇقى ۋە سۆيگۈ ساداقىتى، قەبىلە ئىتتىپاقى ۋە مۇستەھكەملىكى قاتارلىق تېمىلارنى كۆيلىگۈچى بۈيۈك ئېپوستۇر. داستاندا خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى غايىلىرى ۋە ساداقەتلىك، مەردلىك تۇيغۇلىرى يارقىن تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇنىڭدا سۆيگەن يارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەرد بولۇش ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرىشىش كېرەك، دېگەن غايە ئالغا سۈرۈلىدۇ. داستاندا قەھرىمانلىق ۋە جەسۇرلۇقنى ئۇلۇغلاش، مەردلىك تۇيغۇلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇنىڭدا يەنە ئەل-يۇرتقا مۇھەببەت، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەنۈپ، بۆلۈنۈش، قەبىلە ئارازلىرى خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كەلتۈرىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

داستاننىڭ باش قەھرىمانى «ئالپامىش» خەلقنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق جاسارىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن ئوبرازدۇر.

«ئالپامىش» داستانى بەدىئىلىك جەھەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن نادىر ئەسەر. ئۇنىڭدا باشقا خەلق داستانلىرىغا قارىغاندا مۇبالىغىلاشتۇرۇش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

قىسقىسى، «ئالپامىش» — ئازات، ئەركىن، مەغرۇر ۋە گۈزەل ئادەملەر ھەققىدە توقۇلغان، شۇلارنى ماختاپ كۆككە كۆتەرگەن شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىغان داستاندۇر. ئۇ خەلقنىڭ كۆپ ئەسىرلىك بەدىئىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«گور ئوغلى» داستانلىرى — «گور ئوغلى» داستانلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ تۈركۈمى بولۇپ، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. «گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار چوڭ ئىككى تارماققا بۆلىنىدۇ؛ بىرى زاكاۋكازىيە ۋە يېقىن شەرقتىكى نۇسخىسى، (ئەزەربەيجان، ئەرمەن، گرۇزىن، تۈرك ۋە باشقىلار). يەنە بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسى (ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قارا قالپاق، تاجىك ۋە باشقىلار). بۇ ئىككى تارماق مۇئەييەن ئومۇملۇققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن داستانلاردىكى بەزى ۋەقەلىك، ئېپىك ئەنئەنە ۋە باش

قەھرىمانىغا بېرىلگەن باھا، ھەجىم، كۆيلىنىش ۋە تارقىلىش خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتلىرىدىن بىر-بىرىدىن بەلگىلىك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىرىنچى خىلدىكى نۇسخە ھەم تارىخىي ھەم رىۋايەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، گور ئوغلىنى ئىران شاھى ئابباس I نىڭ (1585 - 1628 - يىللار) زاماندىشى قىلىپ كورسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىران تارىخچىسى ئەرەكىل تەۋرىزىنىڭ (ۋاپاتى 1670 - يىلى) كورسىتىشىچە، شاھ ئابباس ۋە تۈركىيە سۇلتانىغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەرگەنلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى گور ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم.

دېمەك، بۇ نۇسخىدا، كونكرېت شەخس ۋە دەۋر بىلەن باغلىق بولغان ۋەقەلەر ئارقىلىق تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەت ۋە شىجائەت، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەر كۆيلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىمۇ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىدىئاللاشتۇرۇش مەۋجۇت. ئوتتۇرا ئازىيا نۇسخىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئوزبېكلەر ئارىسىدىكى نۇسخىدا بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە غايىۋىلەشتۇرۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا بولۇپمۇ رومانتىزىم ئىنتايىن قويۇق. بۇ نۇسخىدا گور ئوغلى ئەشۇ خەلقلەرنىڭ بېگى، قانۇنىي ھوكۇمدارى، ئوز خەلقى، ۋەتىنى ئۈچۈن قايغۇرغۇچى ۋە ئۇنى تۇرلۇك دۈشمەنلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىدىن ھىمايە قىلغۇچى دانا، كوپلەپ خەلق قەھرىمانلىرىنى تەربىيىلىگۈچى يېڭىلمەس باھادىر سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. مۇشۇ باھا ئاساسىدا چامبىل يۇرتىنىڭ ئەپسانىۋى ھوكۇمدارى گور ئوغلىنىڭ 40 پالۋان يىگىتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئانا يۇرتىنىڭ ئامانلىقى ۋە تىنچلىقىغا تەھدىت سالغۇچى خوشنا پادىشالىقلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى، ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ.

«گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار تەخمىنەن 40 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى داستانلاردا ئوتتۇرا ئازىيادا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ۋەقەلىكلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى قەدىمقى ئەپسانە رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرى مۇندىن 3 - 4 ئەسىر بۇرۇن يارىتىلغان ۋە زامانىمىزغا قەدەر كوپلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ھەر قايسى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سىڭدۇرۇلگەن. «گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار خەلقنىڭ ھاياتىنى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىنى، ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى، ئىجتىمائىي، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان زور ئېپوپېيىدۇر. بۇ داستان ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپتا نەزمى ۋە نەسرى شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ئاساسەن بارماق ۋەزنىنىڭ 7 - 8 ۋە 11 بوغۇملۇق شەكلىدىن ئىبارەت. داستاننىڭ نەسرى قىسمىمۇ نەسرى شېئىر شەكلىدە بولۇپ، ئوزىگە خاس ئاھاڭدارلىققا ئىگە.

«غېرىپ - سەنەم» داستانى — «غېرىپ - سەنەم» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىشقى رومانتىك داستانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇزاق ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. «غېرىپ سەنەم» قويۇق مۇزىكىلىق تۈسكە ئىگە بولغان لىرو-ئېپىك داستان بولۇپ، ئادەتتە ئۇيغۇر

لار ئارىسىدا «غېرىپ-سەنەم»نىڭ بىرەر ناخشىسىنى بىلمەيدىغان ياكى بۇ ساداقەتمەن ۋاپادار ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانلار يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا بۇ داستاننىڭ ئەنە شۇنداق كەڭ ئومۇملىشىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدىكى غېرىپ ۋە سەنەم ئوبرازلىرى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن ھەمدە رېئالىزىم بىلەن رومانتىزملىق روھ بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. «غېرىپ-سەنەم» داستانى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغان «شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىپ» ھېكايىسىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. بەزى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (10-ئەسىر ئەتراپىدا) پەيدا بولغان، ئۇ شۇندىن بۇيان 10 نەچچە ئەسىرلىك تارىخى جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، كۆپلىگەن نامسىز خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نەمۇنىسىگە ئايلانغان.

مۇزىكىلىق داستان — «غېرىپ-سەنەم» نىڭ يېزىقچە ئېلىنغان بەزى چاپى نۇسخىلىرىدا شاھى ئابباسخاننى قارا خانلار ھاكىمىيىتىگە تەئەللۇق بولغان بىر پادىشا سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. شۇنداقلا داستاندا غېرىپنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان جونەيىدىل باغدات و-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن رېئال تارىخى شەخس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ داستانغا ئىسلام ئەقىدىلىرى خېلى كۈچلۈك سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا فېئودالىق دىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئىنسانلار بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى پاش قىلىنىدۇ، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق غايىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇ كونكرېت پاكىتلار داستاننىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى مولچەرلەشكە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاساس بولىدۇ.

بىز «غېرىپ-سەنەم» داستانىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك ئازاتلىق غايىسىنى، ساپ مۇھەببەت ئىستىكىنى كۆرەلەيمىز؛ سىياسى، ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن چىرىكلەشكەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

خۇددى «غېرىپ-سەنەم» داستانىدا ئىپادىلەنگەنىدەك، چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا سەنەمى، ئەركىن مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ساپ مۇھەببەت قاتتىق گۇناھ ھېسابلىنىپ، فېئودالىزمنىڭ ئادالەتسىز سودى تەرىپىدىن ھامان جازاغا ھۆكۈم قىلىناتتى. فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ بۇ تۈپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك نارازى بولغان ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ غېرىپ-سەنەملىرى ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنى شىددەت بىلەن پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

جەمئىيەتنىڭ بۇ كونكرېت ئىجتىمائى زىددىيىتى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولۇپمۇ خەلق داستانلىرىغا دىنى ھاكىمىيەتنى گەۋدە قىلغان فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىش ۋە ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىش روھىنى بېغىشلىدى. ئەنە شۇ دەۋرلەردە پەي-

دا بولغان «لەيلى-مەجنۇن»، «تاھىر-زوھرا» «يۈسۈپ-زۇلەيخا»، «مەلىكە-دىلئارام»،
«ھورلىقا-ھەمراجان» «قەمەر شاھ-شەمسى جانان»، «سەنۇبەر» قاتارلىق ئىشقى رومانتىك
داستانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تېمىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان.

«غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ باشقا مۇھەببەت داستانلىرىدىن ئالاھىدىلىكى شۇ يەر-
دىكى، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ۋە غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەندۈرگەن
قەھرىمان ئوبراز — غېرىپ ۋە سەنەم ئۆز رەقىبلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، فېئوداللىزمنىڭ
تومۇر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ۋىسالغا يېتىدۇ. بۇ غايىۋى غەلىبە ئارقىلىق
خەلقىمىز فېئوداللىزم جەمئىيىتىنى مەنىۋى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. «غېرىپ-سەنەم» داس-
تانىدا ئىپادىلەنگەن مانا بۇ رومانتىزملىق روھ ئۇنى ئالاھىدە ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە
قىلغان. بۇ داستاندىكى ئوبرازلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، ئەخلاقى-پەزىلەتلىرىنى ۋە كىشى-
لىك كوز قارىشىنى كۆزەتسەك بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

غېرىپ فېئوداللىزمنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا، دىنى راھىبلىرىغا، فېئوداللىق ئائىلە
نەسەبىگە قارشى ئەركىنلىك ۋە شەخسنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئۇلۇغ ئىنسىيات-
كارلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. غېرىپنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ ئەسلى ئاملى
ئىجتىمائى تەڭسىزلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا يېتىم غېرىپ ھەرقانچە ئىدرەكلىك ۋە پاراسەت-
لىك بولسىمۇ ئۇنىڭ يۇقۇرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان شاھ قىزىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلى-
شىغا فېئوداللىزم تۈزۈمى يول قويمايدۇ، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ چىرىك ئەخلاقى راھىبلى-
رىغا غېرىپنىڭ ئىنسانى پەزىلەتلىرى سىغمايدۇ. مانا بۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن زىددىيەتنىڭ
تۈگۈنى.

داستاندا غېرىپقا ياندىشقۇچى قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ بىرى — سەنەم ئوبرازىدىن
ئىبارەت. سەنەممۇ خۇددى غېرىپتەك ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان،
فېئوداللىزمنىڭ مەنىۋى ئىسكەنجىسىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان، ئۆز سويگۈسىگە ۋا-
پادار قىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غېرىپنىڭ مېھنەتكەشلەرگە خاس مەنىۋى پەزىلىتىدىن بىرىن-
چى قېتىم بەھرى ئالغان ئەنە شۇ سەنەم بولدى. غېرىپنىڭ ئالىجاناپ قاراشلىرىغا باھا
بېرىشتە سەنەمنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى ۋەكىللىك قىلغان شۇ چاغدىكى فېئوداللىزم جەمئىيە-
تى بىر تەرەپتە تۇرغان بولسا، يالغۇز سەنەمنىڭ ئۆزى بىر تەرەپتە تۇردى. فېئودال
ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ۋە خورلانغان دانىشمەن غېرىپنى قولى قان بىلەن
بويالغان فېئوداللىزمنىڭ جاھىل ھىمايىچىسى ئابدۇللا شاتىرىدىن مىڭ ھەسسىلەپ يۇقۇ-
رى قويغان ۋاپادار كىشى يەنە شۇ سەنەم ئىدى.

غېرىپ بىلەن سەنەمنى بىر-بىرىگە باغلىغان مەنىۋى رىشتە يالغۇز سەمىمى مۇھەب-
بەتلا ئەمەس، بەلكى سەۋىيە، پىكىر ۋە مەسلەك بىرلىكىدۇر. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ
مۇھەببەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى ئوخشاش. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىگە
بىردەك ۋاپادار. سەمىمى سويگۈ مۇھەببەت يولىدا غېرىپ ئۆز دەۋرىدىن قانچە دەرت-

ئەلەم چېكىپ، قانچە غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولسا، سەنەممۇ فېئوداللىزمنىڭ تۆمۈر قەپىزى ئىچىدە شۇنچە-دەرت-ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ جاپا چەكتى، ھىجران ئوتلىرى غېرىپنى كۆيدۈرگەن بولسا، سەنەمنى كۇل قىلدى، ۋىسال تەشنالىقى غېرىپنىڭ كۆڭۈل گۈلشىنىنى ئازاپلىسا، سەنەمنى بىھوش قىلدى. فېئوداللىزمنىڭ ئادالەتسىز سودى غېرىپنى يىراق چۆللەرگە مەجبۇرى سۈرگۈن قىلغاندا، ئاجىزە سەنەم فېئوداللىق شەرىئەتنىڭ ئادەمنى ساراڭ قىلىدىغان ئېغىر ۋە قانلىق قولىنىڭ ھېمىشەم ئۇز يەلكىسىدىن قاتتىق بېسىپ تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى... شۇڭلاشقا غېرىپ ئۇزىنىڭ ۋاپادارلىقى، قەيسەرلىكى، مەرتلىكى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ قانچىلىك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا سەنەممۇ ئۇزىنىڭ سەمىمى ۋە پاكلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ داستاندىكى غېرىپ ۋە سەنەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەشۇ دەۋردىكى قارا تەغدىرىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنىشى ئىدى، بۇ داستان ئەشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى ھەققى سۈرەتلەپ بەرگەن خەلقچىلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبى يادىكارلىق بولۇشقا مۇناسىپ.

«غېرىپ-سەنەم» داستانى بەدىئى شەكىل جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، داستان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە نەزىم ۋە نەسىردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى نەزمىلەر كۆپرەك تۆزۈن بەھرىلىك (11 بوغۇمدىن يوقۇرى) شېئىرلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەممىسى مۇقىملاشقان مۇزىكا ئاھاڭىغا ئىگە.

«غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا-كۈيلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇكىشىلەردە روشەن بەدىئى تەسىرات قالدۇرالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق «12 مۇقامى» ئىچىگە «غېرىپ-سەنەم»نىڭ مۇزىكا-كۈيلىرى كۆپلەپ سىڭدۈرۈلگەن، «چارىگاھ» مۇقامىنىڭ 1-داستانىغا، «مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ 2-داستانىغا ھەمدە «راك»، «ئۇزھال»، «ئۇششاق»، «بايات»، «ناۋا»، «رۇخسار» مۇقاملىرىنىڭ بەزى داستانلىرىغا «غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن 50 كە يېقىن ناخشا-كۈي تاللاپ ئېلىنغان.

«غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن «12 مۇقام» ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن بۇ ناخشا-كۈيلەر بۇ داستانىنىڭ قويۇق مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇنىڭ «12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە سېستىمىلىشىشىغا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

# 15 ـ باپ

## ئەلنەغمە تىياتىرى (مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق ئەدىبىياتى)

ئەلنەغمە تىياتىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دىراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل تۈرى ھېساپلىنىدۇ.

ئەلنەغمە ئۆيۈن كورسۇتۇش كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ، مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى بولسا، تىل سەنئىتى كاتىگورىيىسىگە مەنسۇپ. لېكىن بۇ ئىككى تەرەپ بىر گەۋدە بولغان ھالدا خەلق ئاغزاكى دىرامىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق ئەدەبىياتىنى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك تۆت ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ:

(1) ئۇ ھەم ھېكايە قىلىپ سوزلىگىلى ھەم ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ، روشەن تىياتىر سەنئىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

(2) مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى قىسقا، ئىخچام ھەم ئويناشقا ئەپلىك تۈزىلىدۇ. چۈنكى ئۇ خەلق سەنئەتكارلىرى ـ مەدداھ ـ ھاپىزلار قىسسە سوزلىگەن ۋە غەزەلخانلىق قىلغان چاغدا ئىشلىتىلىدىغان ئەدەبىي تېكىست بولۇپ، ئۇ ئەلنەغمىنى ئورۇنداشتىكى ئاساسى تەلەپلەرگە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم.

ئەلنەغمىنى ئورۇنلاش بىرقەدەر ئاددى ۋە قولايلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا لىرىكىنى ئىزھار قىلغىلى، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتقىلى بولىدۇ. شۇنداقلا سەھنىسىزلا بىر ـ ئىككى ئادەم ئورۇنلاشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا باش تېمىنىڭ ئېنىق بولۇشى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچام بولۇشى، شۇنداقلا سيۇژىتىنىڭ بەك مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەلنەغمە تىياتىرىدا دائىم بىر ئادەم كوپ رول ئېلىش ئاساس قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى جانلىق ۋە تېتىك، ئاددى ۋە ئورۇنلاش ئاسان، ئاممىباپ ۋە چۈشۈنۈشلۈك، ئاممىا ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.

(3) ئەلنەغمە تىياتىرلىرى كوپرەك قايمىلىك تۈزىلىدۇ. يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئەلنەغمە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، روشەن مىللى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ئىلىمىزنىڭ ئەلنەغمە تىياتىرىدا ھەرخىل شەكىلدىكى ئويۇن تۈرلىرى تەخمىنەن 4 ـ 5 يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىك-

لىرىگە قاراپ، سۆزلەش ئاساس قىلىنغان خەلق قىسسىلىرى تۈرى، دېكلىماتسىيە ئاساس قىلىنغان كوەيبەن قوشىقى تۈرى، غەزەل ئېيتىش ئاساس قىلىنغان ناغرا-دۇمباق نەزمىسى، دىئالوگ ئاساس قىلىنغان شىياڭشىڭ تۈرى دەپ توت چوڭ تۈرگە بولۇش مۇمكىن. بۇ ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بار.

مىسال ئۈچۈن، ناغرا-دۇمباق نەزمىسى تۈرىنى ئالساق، ئۇ ئەلنەغمە ئەدەبىياتى ئىچىدىكى مۇزىكىچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ھەم ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا بولىدىغان بىر خىل نەزىم شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ؛ جۇاڭزۇلاردىكى «موساڭ»، موڭغۇللاردىكى «خولبا»، ئۇيغۇرلاردىكى «مەشرەپ» ۋە «لەپەر»، قازاقلاردىكى «دومبۇرا ناخشىسى» (ئولەڭ ئېيتىش) قىرغىزلاردىكى «قومۇز ناخشىسى» (ئىر ئېيتىش)، دوڭزۇلاردىكى «پىپا ناخشىسى»، ياۋزۇلاردىكى «شات باھار دۇمبىقى»، مياۋزۇلاردىكى «گوخا» قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

مەسىلەن: موڭغۇللارنىڭ «خولبا»سىنى ئالساق، ئۇ نەق مەيداندا بىر-بىرىگە ماس ھالدا قوشاق توقۇش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. «خولبا» سوزى-قاپىيە ئۇلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. موڭغۇللار ئارىسىدا بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ۋە كوپ كىشىلىك خولبالار بار. ئىككى كىشىلىك خولبانى ئىپادىلىگەندە، مەزمۇنغا قاراپ، مۇنازىرىلىشىش خولباسى، سوئال-جاۋاپلىق خولبا دەپ ئىككى خىلغا بولۇشكە بولىدۇ. خولبانىڭ ئورۇنلىغۇچىلىرى ئالدىدىن ھېچقانداق تەييارلىق قىلىۋالمايدۇ، پەقەت مەيدانغا چىققاندىن كېيىن قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇدۇللۇق ئىجات قىلىپ، ئۇدۇللۇق ئېيتىدۇ. قايسى تەرەپ جاۋاپ قايتۇرالماي توختاپ قالسا، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق سورۇن خەلق-ئىجادىنىڭ قاينام-تاشقىنلىق بۇلىغىغا ئايلىنىدۇ. خولبانىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەتئەلگىچە بولغان ئىشلار، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيەگە دائىر مەسىلەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىزدىنىش ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش، ئوز-ئوزىنى تەربىيىلەشنىڭ ياخشى بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا روشەن مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەلنەغمە تىياتىرى ۋە ئاغزاكى دىراممىلار خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بىرىنچىدىن بۇ خىل تىياتىرلارنىڭ غايىۋى مەزمۇنى كوپرەك ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك يونىلىشتە تۈزىلىدۇ، ئىككىنچىدىن قورۇلۇش جەھەتتە دىئالوگ ۋە مونولوگ شەكلىنى ئالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ مەخسۇس سەھنە تەلەپ قىلمايدۇ. يەنى بۇ خىل تىياتىرلاردا يېزا-قىشلاقلارنىڭ كوچىسى، شەھەر بازارلىرى، ھويلا-ئارام، گۈلخان ئەتراپلىرى، ئوي ئىچى «سەھنە» بولسا، تەبىئەت مەنزىرىسى، دەل-دەرەخلەر، ئاي ۋە يۇلتۇزلار، بۇ «سەھنە»نىڭ تەبىئىي دېكوراتسىيىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تورتىنچىدىن، ئەلنەغمە

تىياتىرلىرىنىڭ ئىجاتكارلىرى، رولچىلىرى خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار (مەدداھلار، باخشىلار، قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار) بولۇپ، ئۇلار ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تەبىئى ئاكتىيورلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ئىككى خىل شەكلى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بىرى، خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار، قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى داستان، قىسسىلەر، قىزىقارلىق دىراما ۋە كومىدىيىلەر. يەنە بىرى قوچاق ۋە دارۋازچىلىق ئويۇنلىرى. بىرىنچى خىل شەكلىدە خەلق سەنئەتكارلىرى، قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان دىراما شەكلىدىكى ھەرخىل تىياتىرلاردا رىيال ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى شەكلىدە بىر ياكى ئىككى نەپەر قىزىقچى تەرىپىدىن سەھنە ئەسەرلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بويىچە ئوينىلىدۇ. بەزى ھاللاردا ئىجرا قىلغۇچى خەلق سەنئەتچىلىرى مەخسۇس سەھنە كىيىملىرىنى كىيىپ، گىرىم قىلىشىدۇ، لېكىن كوپ ھاللاردا گىرىم ئىشلەتمەيدۇ. جامائەت سورۇنلىرى، سەيلىگاھلار ئۇلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولىدۇ. ئۇنىڭغا مىللى مۇزىكىلار (داپ، راۋاپ، ساتار، قالون، غىجەك، چاڭ...) تەڭكەش قىلىنىدۇ. بۇنداق ئويۇنلارنىڭ ئىجراچىلىرى خەلق ئارىسىدىن چىققان يۈكسەك ماھارەتلىك سەنئەتكارلار بولۇپ، جانلىق ھەركەت، پىسخىك ئوزگۇرۇشلىرى بىلەن روشەن دىراماتىك ئوبراز يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

خەلقنىڭ ئاغزاكى دىرامىلىرىدا ئىجتىمائى ۋە ئەخلاقى مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، زالىم ئەمەلدارلار، كوز بوياmچى ۋە ئالدامچى روھانىلار پاش قىلىنىدۇ، فېئوداللىق ئەرلەر زۇلمى، كۈندەشلىك بالاسى، ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق مەسخىرە قىلىنىدۇ. ساپ مۇھەببەت ۋە سەمىمى دوستلۇق، كەيىۇمچانلىق، ئاقكوڭۇللۇك، مەرتلىك ۋە مەردانىلىق، كەمتەرلىك ۋە ئالىجاناپلىق مەدھىيىلىنىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائى رولىدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە كوڭۇل ئېچىش رولىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئېتنوگرافىك شەكىللىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر مەدداھچىلىقى ماھىيەتتە ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ناخشا، مۇزىكا، ھەركەت بىر گەۋدە بولغان ئەنئەنىلىك مىللى ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ بىرخىل شەكلىدىن ئىبارەت. مەدداھلار ئەدەبىياتى قويۇق دىراماتىك ئامىللارغا ئىگە. ناخشا-مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە ھەرخىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن ئورپ-ئادەتنى بىرلەشتۈرگەن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىمۇ ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان دولان مەشرىپى ۋە ئۇنىڭ ئويۇن قىسمى بىلەن «جازا» قىسمى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ ھەرخىل ئويۇن شەكىللىرىنى چوڭقۇر ئوزلەشتۈرگەن. مەسىلەن: مەشرەپ پائالىيىتىنىڭ جازا قىسمىنى ئالساق، ئۇ بىر

تەرەپتىن، ھەربىر مەشرەپنىڭ قائىدە بويىچە تەرتىپلىك ئوتتۇشىنى تەمىن ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەخلاق نورمىلىرىنى ھىمايە قىلىشنى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتكە خىلاپ ئىشلارنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەشرەپ ئىنتىزامىنىڭ كاپالىتى بولغان بۇ «جازا» ئەسلى ماھىيىتى بىلەن كومېدىيىلىك خاراكتېر ئالغان بىر خىل تىياتىردۇر.

مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغۇچىلارغا (كېچىكىپ قالغانلار ياكى بۇرۇن قايتقانلار، ئەخلاققا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت قىلغانلار، مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىۋىنى ئورۇندىمىغانلار...) گۇناسىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ھەم كۆلكە، ھەم ئىبرەت بولىدىغان ھەرخىل «جازا»لار قوللۇنىلىدۇ. بۇ جازالار ئىچىدە مەشرەپ ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن روشەن كومېدىيە تۈسىگە كىرگەن «جازالار» تېخىمۇ خاراكتېرلىقتۇر. يەنى «سامسا يېقىش»، «ئوپكە قۇيۇش»، «جوۋازغا قېتىش»، «مونەك توكۇش»، «سورىتىنى تامغا تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق جازالار كومېدىيە شەكلىدە جازانىڭ ماھىرلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى نوقۇل ھەرىكەت بىلەن، بەزىلىرى ھەم سوز ھەم ھەرىكەت بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسى كوپىرەك ئەھۋالدا ئاياللارغا بولغان مۇناسىۋەتتە نورمال ئەخلاقنى بۇزغۇچىلارغا قوللۇنىلىدۇ. بۇنىڭدا جازالانغۇچىغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئىككى «خوتۇن» يەنى قىزىقچىلاردىن ئىككىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار جازالانغۇچىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ياتقۇزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى جازالانغۇچىنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ «مۇھەببەت» ئىزھار قىلسا، يەنە بىرسى دەررۇ سول قۇلىقىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىدۇ-دە، ئۇز «مۇھەببىتى»نى ئىزھار قىلىدۇ. ئىككى «خوتۇن» ئارىسىدىكى قىزىق، كۆلكىلىك «ئەر تالىشىش كۈرىشى» خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. كۆزەتكۈچىلەر «ئىككى خوتۇن ئالغۇچى»نىڭ خاراپ ھالىدىن تازا كۈلىشىدۇ. جازالانغۇچى بىئارام بولۇپ ئىزا تارتىدۇ. قويۇق يومۇرستىك تۈسكە ئىگە بولغان بۇ «جازا»لار ئارقىلىق ھەم تەرتىپ ساقلاش ھەم قىزىقچىلىق قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنداق «جازا»لارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى رېيال ھاياتتىن ئېلىنغان بولۇپ ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، ھونەر كەسپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھەتتا بەزىلىرى مۇۋەققەلاشقان خەلق كومېدىيىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئومۇمەن، تۈركى خەلقلەر ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئالاھىدە بىر مۇۋەپپەقىيەت يۈز بەرگەندە، ئەر-ئايال جەم بولۇپ، مەشرەپ شەكلىدە مۇراسىم ئوتكۇزۇپ تەنتەنە قىلىدىغان ئادىتى بولغان. بۇ مۇراسىملارنىڭ ھەممىسىدە ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرى مەۋجۇت①. «ئوغۇزنامە»داستانىدىكى

① «ئوغۇزنامە». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل، 46-بەتكە قاراڭ.

ئوغۇز خاقان ئەل-جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ بەرگەن «ئۇلۇغ توي» مۇراسىمىدىكى كۆپچىلىكنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، «تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى يەپ، هاراق-شاراپ ۋە قىمىز ئىچىشىپ» تەنتەنە قىلغانلىقىنى تۈركى خەلقلەردە بولغان قەدىمقى مۇراسىملارنىڭ ئىپوستىكى ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ، تۈركى خەلقلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىمە تىياتىرنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى ھەققىدە خەنزۇ تارىخچىلىرىمۇ كۆپلىگەن خاتىرىلەر قالدۇرغان. 5-6-ئەسىرگە ئائىت «ۋېي يىلنامىسى» «گاۋچې تەزكىرىسى»دە: گاۋچې (قەدىمقى ئۇيغۇرلار)نىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا؛ «ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزگىنىدە، ئەل-جامائەت نەچچە تۈمەن بولاتتى، مال سويىلاتتى، ئات بەيگىسى قىلاتتى، سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئوينايتتى» ① دېيىلىدۇ. مۇنداق مۇراسىملار ۋە ئۇنىڭدىكى ئەنئەنىمە پائالىيەتلىرى شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مىلادى 5-6-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق «قىزىل مىڭ ئۆي» 11-ۋە 12-غاردىكى تام سۈرىتىدە ئەر-ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە ناۋا قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ② بۇنداق رەسىملەر تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدە (25-غار)، كۇچار قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى (30-غار) دىمۇ ③ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى ئەنە شۇنداق مۇراسىملاردىن ئۆسۈپ چىققان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئاغزاكى تىياتىر شەكىللىرى ھەققىدىمۇ بەزى خاتىرىلەر بار؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەزى تارىخى ماتىرىياللاردا غەربى رايون (شىنجاڭ)دا ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئەنئەنىچىلىك ۋە كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەرخىل قىزىق ئويۇنلارنىڭ ئەۋجى ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ «كوسەندە... ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزىلىدىغان «سۇ-موز» ئويۇنىدا يۈزىگە ھەرخىل نىقاپلارنى تارتقان (گىرىمىلەنگەن) كىشىلەر گاھى غەيرى-غەيرى ھايۋانلارنىڭ، گاھى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ شەكلىگە كىرىپ، ئەر-ئاياللار جۈپ-جۈپى بىلەن ئويۇن كۆرسىتەتتى ۋە بۇ ئويۇن قىزىق بولاتتى»④

مىلادى 982-يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېۋەتكەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئۇيغۇر خانى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغاندا: «ئوردىدا چالغۇ ئەسۋاپلىرى چېلىنىپ، زىياپەت باشلاندى، ئاندىن كومېدىيىلىك قىزىقچىلىقلار كۆرسىتىلدى. بۇ تاكى كەچقۇرۇنغىچە داۋام قىلدى»⑤ دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

---

① «ۋېي يىلنامىسى» «گاۋچې تەزكىرىسى» 6-توم

② شىنجاڭ موزېيى، مىڭ ئۆي سۈرەتلىرى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا.

③ شىنجاڭ موزېيى، مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى. «نەغمە-ناۋا». (بېزەكلىك 25-غار ئاسمانىدىكى «نەغمە-ناۋا» قۇمتۇرا 30-غار، سىم-سىم 18-غار).

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، 240-بەت.

⑤ «سۇڭ سۇلالىسى» 40-جىلد، 490-بەت.

مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، مۇنداق ئەلنەغمە تۇرلىرى تېخىمۇ مۇ-كەممەل تۈسكە كىرگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە سۇرچۇك (Sürqük) ۋە سۇغدىچ (Suqdiq) نامى كىچىك سورۇن ۋە قىشتا ئۆز ئارا نوۋەت بىلەن ئوتكۈزىلىدىغان تاتارى زىياپەتنى خەلقلەر ئارىسىدىكى بىر ئورپ-ئادەت سۈپىتىدە ئەسلىتىپ ئوتىدۇ①. شۇنداقلا «تۈركى تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە نەقىل قىلىنغان قوشاق-لار ئىچىدىمۇ نەغمە ساز بىرلەشكەن، مەشرەپ شەكلىنى ئەسلىتىدىغان قوشاقلار ئۇچرايدۇ. يۇقۇرقى خاتىرىلەر بىزگە ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدىكى ھەر خىل مۇراسىم ۋە مەشرەپلەر-نىڭ شەكىللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەنە شۇ مەشرەپ ۋە باشقا مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى درامىمىلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭدا دىراما ئوينىلۇشقا باشلىغان②. «مايترىسىمىت» ئەنە شۇ قەدىمقى دىرامىلار-نىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. «مايترىسىمىت» — جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى دىراما قوليازمە-لىرى ئىچىدە يىل دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان توخرى تىلىدا ئىجات قىلىنىپ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كوپ كورۇنۇشلۇك يىرىك سەھنە ئەسىرى.

«مايترىسىمىت» ناملىق بۇ يىرىك سەھنە ئەسىرىدە دەل مايترېيانىڭ بوددا بىلەن كورۇشكەنلىكى ئوبرازلىق تۈردە ھېكايە قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن «ۋاشراۋانا» ئاتا-لىق 3 ئىلاھنىڭ سوھبىتى ئارقىلىق، 8 ياشلىق مايترېيانىڭ ئۇستازى بادارى ماگاتائە-لى (ھازىرقى نىپالدا) دىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بوددا بولغانلىقىنى چۈشىدە كورۇپ، ئوزى بەك قىزىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايترېيانى 16 شاگىرتى بىلەن بوددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكى دىرامما كورگۈچىلەرگە جاكالىنىپ، دىراما باشلىنىدۇ. قالغان كورۇ-نۇشلەردە ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇش جەريانى ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

دىمەك، 27 كورۇنۇشلۇك بۇ دىراما ئەينى دەۋردە بوددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ يە-رىك ئوچاقلىرىدىن بولغان كوسەن (كۇچار) ئودون (خوتەن)، يەنجى (قاراشەھەر) قاتار-لىق جايلاردا خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن كوچىلاردا، رەستىلەردە ئوينالغان ۋە ئۇيغۇر دىراما سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان.

ھازىرغىچە چەت تاغلىق رايونلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «يولۋاس ئويۇنى»، «ياغاچئات ئويۇنى»، «مەشئەل ئويۇنى» ۋە قىزىقچىلار، مەسخىرىۋازلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدىغان «توگە بىلەن ئاتنىڭ مۇنازىرىسى» «تۇتىخان»،

---

① مەھمۇت قەشقەرى 1- توم 478- بەت، 455- بەتلەر (تۇركچە نۇسخىسى)

② قۇربان ۋەلى: «مايترىسىمىت ۋە توخرى تىلى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1982-يىل 12- ئاينىڭ 21-كۈنى.

«داستىرخان مەيدانىدىكى جەڭ»، «پولاخان تورەم» قاتارلىق ھەم كومىدىيىلىك ھەم قىزىقچىلىق ھەم سىرىكچىلىك تۈسىنى ئالغان ھەر خىل مىللىي ئويۇنلار شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتىقادى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ئەلنەغمە، تىياتىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى بولۇپ كەلمەكتە.

قونچاق ئويۇنى ۋە داۋازلىق سەنئىتى قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. قونچاق ئويۇنى دىرامماتىك شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ياغاچ قونچاقلار ئارقىلىق ھەر خىل ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. قونچاق تىياتىرى خەلق ئىچىدىكى قونچاقۋازلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىلىرى باللار ۋە ياش ئۆسمۈرلەردىن ئىبارەت.

قونچاق تىياتىرلىرىنىڭ بەزىلىرى سېھرىگەرلىك خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ سېھرى ئويۇنلار ياغاچ قونچاق ئارقىلىق كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قونچاق تىياتىرلىرى ئاساسەن مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

ئۇمۇمەن قونچاق ئويۇنلىرىدا تۇرمۇش ھادىسىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ياغاچ قونچاقلار ئوبرازىدا قونچاقۋازلارنىڭ تەششەببۇسى بىلەن ئەكس ئېتىلىدۇ.

داۋازلىق ئويۇنىمۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرى ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ئويۇن ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، داۋاز 20-30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دارغا 60 مېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ئارقان ئۈستىدىن ھېچقانداق بىر ئېھتىيات تانىسى ئىشلەتمەي، يالىڭاياق مېڭىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نازۇك ھەم چەبدەس ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقى ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

دار ئويۇنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە. ئويۇن باشلانغاندا، داۋاز ئۆزىنىڭ چىرايلىق مىللىچە دار كىيىمىنى كىيىپ، بېزەلگەن ئاتنى مىنىپ، مىللىي مۇزىكا ساداسى ئىچىدە رەڭگا-رەڭ بايراقلار قادالغان دار ئەتراپىنى ئايلىنىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. داۋاز ئاتتىن چۈشۈپ، دار ئارقىنىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا، ناغرا، سۇناي، دۇمباقلار رىتىملىق چېلىنىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە تەڭكەش قىلىنىدۇ. داۋازنىڭ ئارقان ئۈستىدە تەدرىجى يۇقۇرى ئۆرلەپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، دار ئويۇنىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. داۋازنىڭ ئارقان ئۈستىدىكى ھەر خىل سېھرىك ھەرىكەتلىرى ۋە كومىدىيىلىك قىزىقچىلىقلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدۇ.

داۋاز $45^\circ$ لۇق يانتۇ ئارقاندا تۈرلۈك ماھارەت كۆرسۈتۈپ تاختا پەرگە (دارنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چوققىسى) چىققاندىن كېيىن چىغىرىق ئويۇن، ئۇچما چىغىرىقتا ئۇچۇش قاتارلىق ھەيران قالارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۇت، قول، بەل، قولتۇق

ھەركىتىنى ناھايىتى قىزىقارلىق دەرىجىدە ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە داۋاز تاختا پەردە تۇرۇپ دار ئاستىدىكى دار ئويۇنىنىڭ رىژىسسورى بىلەن دىئالوگ شەكلىدە ھەر خىل سۆز ئويۇنى قىلىشىدۇ، بۇ پائالىيەت مەلۇم تەرەپلەردىن شاگىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

خەلق سەنئىتىنىڭ داۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ شەكلى قەيەردە، قاچان، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى تېخى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ ئويۇن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىختا ئۆتكەن ئاتاغلىق داۋازلار بۇ ئويۇننى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئوينىغاندىن تاشقىرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، مىسىر ھەتتا ياۋروپا ئەللىرىگىچە بېرىپ ئويناپ، ئېلىمىز خەلقى بىلەن چەتئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ كونكرېت شەكىللىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىلمۇ-خىللىقىنى، مول ۋە گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئىي شەكىللەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە تىياتىرى ۋە مەدداھلىق-غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىخى سۈپىتىدە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرىغا قارىساق، ئۇنىڭ يەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس.

شىنجاڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى سەھنە سەنئىتى ناھايىتى ياش بولۇشىغا قارىماي تەرەققىياتى تېز بولدى. 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، شىنجاڭدا دېموكراتىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىنى گەۋدە قىلغان ھالدا ھەر قايسى شەھەر-جىڭلاردا «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قارمىقىدا «سەنائىنەپىسە» لەر تەشكىل قىلىندى. شىنجاڭدا بۇنداق ئەلنەغمە ئۆمەكلىرى تۇنجى قەدەمدە 1934-يىلى ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە، ئىككىنچى قەدەمدە 1935-يىلى قەشقەر، ئاقسۇ، يەركەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە، 3-قەدەمدە 1936-يىلى چۆچەكتە ۋە 1938-يىلى خوتەندە قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز رايونىدىكى مىللىي ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى.

شۇ يىللاردا بىر قەدەر روناق تاپقان غۇلجا تىياتىر ئۆمەكلىرىنى ئالساق، بۇ رايوندا ئۇنىڭ ئاساسى خېلى بۇرۇن پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي-تۆكۈن، ھېيت-ئايەم ۋە باشقا مىللىي بايراملىرى، ھەر يىلى 4-ئايدا چىرغىلاڭ، زايومكا قاتارلىق دەريا ياقىسىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا ئۆتكۈزىلىدىغان دەريا سەيلىسى، 5-ئاي-

لاردا بولىدىغان قارياغاچ مازار سەيلىسى، ئورۇك پىشىشىدا جىلىۋزى، تۇرپانىيوزى، چولوقاي قاتارلىق يېزىلاردا بولىدىغان ئۈرۈك سەيلىسى ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەر قايسى ئاۋات رەستىلىرىدىكى چايخانىلاردا بولىدىغان چايخانا بەزمىلىرى،... نىڭ ھەممىسى ئەلنەغمىدىن ئايرىلمايتتى. ئىلى يېزىلىرىدىكى ئەر-ئايال پوتا تاشلاپ ئوينايدىغان ئاممىۋى «پوتا ئۇسۇلى»، «گۈل ئۇسۇلى»، رامزان ئايلىرىدا ئوينىلىدىغان «گۈلدەستە ئويۇنى»، «پانۇز ئويۇنى»، «كىمە ئويۇنى»، بارات ئېيىدىكى تۈنەك كېچىلىرىدە بولىدىغان ھەر خىل ئويۇنلار، مەشرەپلەردىكى «گۈل چاي ئويۇنى»، ھېكايە ئېيتىش، بېيىت ئېيتىش، قىزىقچىلىق قىلىش، دوراش، چاقچاقلىشىش، «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زوھرا»، «لەيلى مەجنۇن»، «گۈلەمخان» ئوخشاش قىسسىلەرنى ناخشا-مۇزىكا بىلەن بايان قىلىش،... قاتارلىق ئەلنەغمە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى سەھنە سەنئىتىنىڭ خەلق ئىچىدىكى چېچەكلەشكە تەييار تۇرغان بىخلىرى ئىدى.

1870-يىللىرى ئەتراپىدا غۇلجىغا كەلگەن قەشقەرلىق مەشھۇر مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچى مۇھەممەت موللا (كاروشاك ئاخۇنۇم) غۇلجىدا تۇرغان 40 يىلدىن ئوشۇق ئۆمرى ئىچىدە ئەلنەغمە ساھەسىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. كاروشاكنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مەتتىمىن ئاخۇن مۇقامچى، ھەسەن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، جامى ئاكا، بارات تەمبۇر، ھوسەيىن تەمبۇر، ئابلا دومباق قاتارلىقلار شۇ دەۋرنىڭ ئاتاغلىق ئەلنەغمىچىلىرى ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا يەنە خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە قىزىقچىلىقلىرىدىن ھېكايىچى جالالىدىن قارى، نەغمىچى غازى كور، زۇنۇن پەينەك تۈلۋاز (مىس دومباق)، مەسۇم توقۇم، قەراخۇن غىجەكچى، داۋۇت توكۇرلارمۇ بار ئىدى. ئەينى يىللاردا ئومەر دوقا ئوخشاش كومېك قىزىقچىلار كەچكى سورۇنلاردا تامشا ھەر خىل شەكىللەرنى چۈشۈرۈپ كومېدىيىلىك ئويۇن كۆرسىتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن قۇرۇلغان غۇلجا «سەنائىنەپىسە» ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى ئاساس بولدى. بۇ ئومەك تەدرىجى كېڭىيىپ ھەرقايسى جايلاردا، ھەتتا مەھەللىلەردە ئۇنىڭ شۇبە كورژۇكلىرى قۇرۇلدى. 1936-يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بىر قەدەر يىرىك درامىلار ۋە كومېدىيىلەرنى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. غۇلجا تىياتىرى شۇ يىللاردا «غېرىپ-سەنەم»، «پەرھات-شېرىن»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق يىرىك ئوپېرا تىياتىرلىرىنى كوللېكتىپ رەتلەپ سەھنىلەشتۈرگەن بولسا، 1935-يىلى قەشقەر تىياتىرى جەمىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان ۋە تەنقىتلەيدىغان «ساتىراچ» «چېكىملىك نەتىجىسى»، «شەرمەندىلەر»، «نامان خەلپەت» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى ئىشلەپ سەھنىلەشتۈردى. بۇ دەۋرلەردىكى سەھنە تىياتىرلىرىنىڭ ماتېرىيالى كۆپرەك ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان داستانلار ۋە رىۋايەت قىسسىلەر بولدى.

ئۇيغۇر سەھنە تىياتىرىنىڭ رەسمى ھالدا شەكىللىنىشى يالغۇز ئەلنەغمە سەنئىتى

تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت تارىخىدىكى شانلىق يېڭى سەھىپە بولدى. رۇس دىراماتورگى ئا. ن. ئوستروۋسكى: «تىياتىر بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ مۇكەممەللىشىش بەلگىسىدۇر» دېگەن ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى شەكىللەنگەندىن تارتىپلا، كومېدىيە، دىراما ۋە ئوپېرادىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلنى بىر گەۋدە قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ كەلدى ۋە بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللى سەنئەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېڭى سەھنە سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى، خەلق ئارىسىدىكى مىللى تۈسكە ئىگە ئەلنەغمە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغىنى يوق، بەلكى ئۇ تېخىمۇ كوپ خەلق ئامىسىنىڭ سەنئەتكە بولغان ھەۋەس-ئارزۇلىرىنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە، ھەمدە يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىماقتا. چۈنكى ئەلنەغمە ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭلاشقا ئەلنەغمە ئەدەبىياتى مۇندىن كېيىنمۇ ئۆزىگە خاس مىللى سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر هازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، بولۇپمۇ سەنئەت ماھارىتى جەھەتتىن مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىستىتىك كۈچ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساس بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

# 16 - باپ

## باللار فولكلورى

باللار تەربىيىدىن ياكى باللار ئۈچۈن چوڭلار تەربىيىدىن يارىتىلغان ئاغزاكى ئىجات نەمۇنىلىرى باللار فولكلورىغا كىرىدۇ.

باللار فولكلورىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ بارلىق تۈر-ژانىرلىرىدا ئۇنىڭ نەمۇنىلىرى مەۋجۇت؛ ئەللەي قوشاقلىرى، چوچەكلەر، باللارنىڭ ھەۋەس-ئىشتىياقى ۋە پىسخىلوگىك ئالاھىدىلىكىگە ماس يارىتىلغان قوشاق-ناخشىلار، ئېيتىشىش خاراكتېردىكى شېئىرى تەرمىلەر، تېپىشماقلار، باللار ئويۇنلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ باللار فولكلورىنى تەشكىل قىلىدۇ.

باللار ئويۇنلىرى ۋە ئويۇن بىلەن ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكى يىل پەسىللىرى ۋە تەبىيەت خاراكتېرىستىكىسى بىلەن باغلانغان. «ئاپتاپ چىق»، «لەگلەك كەلدى، ياز كەلدى»، «قالدىرغاچ»، «ئاق تېرەك»، «قارا-قارا قۇشلاردىم»، «دىكى-دىكى توشقان»، «توگىلەك»ئوخشاش قوشاقلارنى باللار كوچىلاردا، ھويلىلاردا، ئوگزىلەردە، دالا قىشلاقلاردا يەككە ياكى كوللېكتىپ ئېيتىدۇ. بۇنداق باللار قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن زىچ باغلانغان ھەركەتلىك باللار ناخشىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ تاكى كۈي-ئاھاڭىغا قەدەر باللارنىڭ پىسخىكىسىغا ناھايىتى زىچ ماسلاشقان بولۇپ، باللارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى خىلمۇ-خىل، بەزىلىرىدە باھارنىڭ كېلىشى، قۇياشنىڭ ئالەمنى ئىسسىتىشى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى، لەگلەكنىڭ ئاسمانغا چىقىشى بىلەن باغلانسا، يەنە بەزىلىرى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، كوللېكتىۋىزىملىق، ئەمگەكچانلىق ئوخشاش مەزمۇنلار بىلەن باغلىنىدۇ.

باللار ئويۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى چوڭ كىشىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىغا تەقلىت قىلىپ ئويلاپ تېپىلغان بولۇپ، ئۇ باللارنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن كامالەتكە يېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ، باللارنىڭ گودەك قەلبىدە بىر خىل ئىستېتىك زوق ئويغۇتىدۇ. پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇق يازغۇچىسى ماكسىم گوركى باللار ئويۇنىنىڭ باللار تەقدىرىدىكى ئورنىغا يۇقۇرى باھا بېرىپ: «ئويۇن باللارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ۋە ئۆزلىرى

ئۇزگەرتىشلىرى لازىم بولغان دۇنيانى بىلىشلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر» ① دېگەن ئىدى.

باللار فولكلورى ياش ئەۋلادلارنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىنتىزاملىق، جەسۇر قەتئىيەتلىك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، دوستلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرۇش، كوللېكتىپنى سۆيۈش ئوخشاش ئەڭ ياخشى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ۋە تەنتەك ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا شۇنداق قوشاقلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمقى دەۋرلەردە بەلگىلىك مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن باغلىق بولغان. كېيىنچەرەك ئۇلار چوڭ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن قېلىپ، پۈتۈنلەي باللار فولكلورى ئىچىگە ئۆتكەن. ئەنە شۇنداق باللار قوشاقلىرىدىن بىرى «باي چېچەك» قوشىقىدۇر:

باي چېچىكىم باللىسى،
قۇلىقىدا دانىسى.
دانىسىنى ئالاي دىسەم،
چىقىپ قالدى ئانىسى.

قاتتىق يەرنى تاتىلاپ چىققان باي چېچەك،
يۇمشاق يەردىن يۇمۇلاپ چىققان باي چېچەك،

باي چېچىكىم باغلاندى،
قازاندا لىق ئايرانتى.
ئايرىنىڭدىن بەرمەسەڭ،
قازانلىرىڭ ۋەيرانتى.

باي چېچەك يەرنىڭ قارى ئېرىپ تۈگىشى بىلەن كوكلەپ چىقىپ يەرنىڭ يومشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئۆسۈملۈكتۇر. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمقى زامانلاردىن بېرى ئۇتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان نوروز بايرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ نوروز بايرىمى پەيتىدە باللار توپ-توپ بولۇپ، باي چېچەك ئۆسۈملۈكىنى دالا-قىرلاردىن ئىزدەپ تېپىشىپ، ئۇنىڭ سولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يىلتىزىدىكى لايلىرى بىلەن لاتىغا ئوراپ، كوچىمۇ-كوچا، ئويمۇ-ئوي يۈرۈپ يۇقۇرقى قوشاقنى ئېيتقان. «باي چېچەك»قوشىقىنىڭ تۇرتلىكلىرىنى يالغۇز بىر بالا ئېيتسا، ئۇنىڭ ياندۇرىشىنى باللار كوللېكتىۋى بىرلىكتە ئېيتىدۇ.

باھار كېلىشى بىلەن تەڭ باللار تېخىمۇ شات خوراملىققا چومىدۇ. ئۇلار قىشلىق

① «ئۇزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى»، تاشكەنت. 1980 - يىل 269 - بەت.

كېيىملىرىنى تاشلاپ، قىن-قىنىغا پاتماي، بىر توپ بالىلار جەم بولۇپ، كوكلەمنى تەن-تەنە قىلىشىدۇ. لەگلەكلىرىنى بەس-بەس بىلەن ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ.

لەگلەك چىقتى ياز بولدى
قانىتى قەغەز بولدى.
ئويۇنىمىزنى بەرمىگەن
نورۇزجان بوغاز بولدى.

دەپ ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئالغان «نورۇزجان» كىشى ئىسمى بولۇش بىلەن بىر قاتاردا، يەنە نورۇز پەسلىنىڭ سىمۋوللۇق ئاتىلىشىدۇر.

ئوغۇل ۋە قىز بالىلار ئارىسىدا يەنە يېقىن دەۋرلەرگىچە «توپ تاش» ئوخشاش ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇلار ئويۇن داۋامىدا بىر بالا ياكى كوپچىلىك تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. توپ ئويۇنىدا ئوتقان قىز ئۆز شاتلىقىنى توۋەندىكى قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

چارخىم چارخىمدا كەتتى
يېكىم يېكىمدە كەتتى،
ئونبەش تىللا مەرۋايىت،
تىللا ساندۇقتا كەتتى.

تىللا ساندۇق ئېچىلدى،
تىگىگە بادام سېچىلدى.
ئۇ بادامنى تەرگىچە،
قاناتلىرىم قايرىلدى.

قانات بېرىڭ ئۇچايلۇق
شور دەريانى كىچەيلۇق.
شور دەريادا نىمە بار؟
ھەسەن-ھۆسەن ئوغۇل بار.

ھەسەن-ھۆسەن ئۇرۇشتى،
قىزدىل قانغا بوياشتى،
قىزدىل قاننى كىم يۇدى
زوھراسىغا زار دۇپپى،

پاتىمىسىگە پار دۇپپى.
قىزغا قىزدىل پەرەنجە،
بىزگە مەخمەل پەرەنجە.

«توپ تاش» ئويۇنى كىچىك ۋە ئوتتۇرا ياشتىكى بالىلارغا خاس بولۇپ كۆپرەك قىزلار تەرىپىدىن كۆيلىنىدۇ.

بالىلار ئويۇنلىرىغا ماس بولغان قوشاقلار كۆپرەك قىزلارنىڭ ئويۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىچىك قىزلار ئارىسىدا بولىدىغان قىزىقارلىق ئويۇنلاردىن «چاكوم تاماكوم ئويۇنى» «چىكىچى - بۇغدايچى ئويۇنى» قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. «چىكىچى - بۇغدايچى ئويۇنى» دا ئېيتىلىدىغان:

چىكىچى بۇغدايچى
ئەمگى تاغدايچى
كېچىلەپ زوۋانى تۇت
زوۋانىڭ ئىچىدە ئوت.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا،
دەريا قېشى ئويۇلدى
پاتمان سۈيى قويۇلدى.
بىرىنىڭ ئېتى كوچۇلا
بىرىنىڭ ئېتى پۇچۇلا
ئاپپاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە توۋىلار.
بوۋىنى بوۋا دىمەگىلار
بوۋىلار يالغانچىكىن.
ئالداپ - ئالداپ بىزلەرنى
قولىغا ئالماقچىكەن.

دىگەن قوشاقتا مۇتەئەسسىپ روھانىلار، ئالدامچى بوۋىلار مەسخىرە قىلىنغان. بۇ قوشاقتا بەدىئىي جانلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، تىلىدا بالىلارغا خاس ئاھاڭدارلىق بار.

بالىلار ئويۇنلىرىدىكى بەزى قوشاقلاردىن روشەن ئىدىيىۋى غايىنى كۆرۈش تەس. رەك. ئايرىم مىسرالار سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىقىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇ كام دىگەندە بالىلاردا شېرى بەدىئىي زوق ھاسىل قىلىدۇ ۋە شېرى تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدۇ.

بالىلار قوشاقلىرىنىڭ بەزىلىرىدە مەلۇم تارىخى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بالىلارغا خاس سادىدا پىكىرلەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: «چوچۇرەم قايىندى» دىگەن ئويۇندا ئېيتىلىدىغان قوشاقتا بالىنىڭ رەنجىشى، ئۇگەي ئانىغا نىسبەتەن نارازىلىقى سادىدلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. لېكىن بۇنداق ئويۇنلارنىڭ ئاخىرى يەنىلا ئۈمىتسىزلىك روھ، خۇشخۇي مەزمۇنلار بىلەن يەكۇنلىنىدۇ.

چوچۇرەم قايىندى،
ئانام ماڭا بەرمىدى،
بەرمىسە بەرمىسۇنا،
ئاق ئۆيۈمگە كىرمىسۇنا،
ئاق ئۆيۈمدە ئاق تەڭگە
كوك ئۆيۈمدە كوك تەڭگە
جانىم زۇلەيخان،
زۇلەيخانىڭ بېغىدا،
بىر تۈپ ئالمىچا.
ئالمىچىنىڭ ئۈستىدە،
تىللا مۈنچاقچا.
مۈنچاقچىنى ئۈچۈردۈم،
دوستلىرىمنى قاچۇردۇم.

بۇنىڭدىن تاشقىرى «ئاق تېرەك، كوك تېرەك»، «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئوخشاش ئىككى سەپ بولۇپ قاتار ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ قوشاقلىرىمۇ بەلگىلىك دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ مەلۇم تارىخى دەۋرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە «كۆچ بىرلىكتە» دېگەن غايىنى ئالغا سۈرىدۇ: «قارا ـ قارا قۇشلارىم» دېگەن ئويۇننى باللار سەپ بولۇپ ئوينايدۇ. باللارنىڭ ئىچىدىن چوڭراق بىرسى «ئانا» بولۇپ سەپنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ. قالغان باللار بويىغا قاراپ «ئانا» نىڭ ئارقىسىغا تىزىلىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ چاپىنىنى تۇتۇپ، ئۈزۈلمەس زەنجىر ھاسىل قىلىدۇ، يەنە بىر چاققان بالا يالغۇز چەتتە تۇرىدۇ. «ئانا» بىلەن ئەشۇ بالا ئوتتۇرىسىدا ئېيتىشىش باشلىنىدۇ:

بالا: —
قارا ـ قارا قۇشلارىم
ئارقاڭدىكى نېمەلەرىڭ؟
ئانا:
ئۇششاق ـ ئۇششاق باللىرىم
بالا:
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ.
ئانا:
كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچو

بۇنىڭ بىلەن يالغۇز بالا «ئانا» نىڭ ئارقىسىغا ئەگەشكەن باللارنى قوغلايدۇ. «ئانا» باللىرىنى قوغدايدۇ. تارتىشماق ئويۇنى باشلىنىدۇ. ناۋادا دىققەتسىزلىكتىن بالا ـ

لاردىن بىرەرسى سەپتىن ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇلارنى قوغلاۋاتقان بالا «ئەسىر» قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ غەلىبە قىلغان ھېساپلىنىپ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

«ئاق تېرەك، كوك تېرەك» ئويۇنىنىڭ خاراكتېرىمۇ يوقۇرقىغا ئوخشايدۇ. پەرقى بۇ-نىڭدا باللار ئىككى سەپ بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىشىدۇ ۋە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ھالدا قوشاق ئېيتىشىدۇ.

1-رەت:

ئاق تېرەك، كوك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك.

2-رەت:

باتۇر-باتۇر قىز كېرەك.

1-رەت:

باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم؟

2-رەت:

ئىسمى ئۇنىڭ مەلىكەم.

1-رەت:

كۈچۈڭ يەتسە ئال كېلىپ،
سېپىمىزنى سەن يېرىپ.

2-رەت:

چۈۋىق بىلەن ئۇرىمىز،
كەمپۈت بىلەن ئالدايمىز.

1-رەت:

ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز،
كۈچۈڭنىمۇ سىنايمىز.

بۇنىڭ بىلەن 2-رەتنىڭ بېشىدا تۇرغان بالا 1-رەتنىڭ ئارىسىدىن بوسۇپ ئوتىمەكچى بولىدۇ. 1-رەتتىكى باللار بىر-بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، ئايرىپ ئوتۇشكە يول قويمايدۇ.

ناۋادا سەپنى بوسۇپ ئوتۇپ كېتەلىسە، قولى ئايرىلىپ كەتكەن بالىنى ئۇلجا ئالغان ھېساپتا ئوز سېپىگە قوشىۋالىدۇ. ئويۇن شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

ئاق تاش، كوك تاش
دەرىيادىكى سۈزۈك تاش
مېنىڭ دوستۇم قەلەمقاش
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئۇيانمۇ زەيكەش
بۇيانمۇ زەيكەش
«ياغلىق» ئوينايمىز
ئارقامدىن ئەگەش...

دېگەن ناخشىلارمۇ بالىلارنىڭ ئويۇنىغا ماسلاشقان.

ئورغۇنلىغان ئەنئەنىلىك بالىلار ناخشىلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بالىلارغا خاس تىل ۋە تەسۋىر ئارقىلىق سىنىپىي خاھىش ئىپادىلىنىپ، بالىلارنىڭ زالىملارغا، ئەزگۈچىلەرگە قارشى سىنىپىي ئۆچكىنى ئۇستۇرۇپ، ئۇلاردا مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ.

مەسىلەن: «توگىلەر ئويۇنى» دا مۇنداق مىسرالار بار:

— قاتار-قاتار توگىلەر
نەگە-نەگە ماڭدىڭلار؟
— تۇزغا-تۇزغا بىز ماڭدۇق
—تۇزۇڭ نەگە توكۇلدى؟
—ئارى يولغا توكۇلدى.
—تاسقاپ-تاسقاپ ئالساڭچۇ،
— غانجۇغامدا توشۇك بار
قاراپ تۇرغان مۇشۇك بار.

بۇ يەردىكى «مۇشۇك» تىركتاپ ئەزگۈچىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

بالىلارنىڭ ھەۋەس-ئىشتىياقى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ماس ھالدا بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ كوپ.

مەسىلەن: «ياغلىق تاشلاش ئويۇنى»، «دۇم-دۇم ئويۇنى» «موكۇلەك ئويۇنى»، «گۈلەڭگۈچ ئويۇنى»...ۋە باشقىلار. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس بالىلار ناخشىسى ئىپتىلىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ مەزمۇنىدا ئاسمان، يەر، دەريا، ھايۋانات، ئۇسۇملۇك، پەسىل، ئىنسانىيەت، تىلسىمات قاتارلىقلارنىڭ بالىلار ھاياتىدىكى تەسىرى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، بالىلار فولكلورىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بالىلار ئويۇنىغا باغلىق بولغان ناخشا-قوشاقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بار؛ بالىلار ناخشىلىرى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كوپرەك جانلاندۇرۇش (ئىمپوس) ۋە مىتافورا ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرى بويىچە، بالىلار ئويۇنلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى راست ۋە ئىشەنچلىك نەرسە دەپ قارايدۇ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ۋە ئويۇندىكى بارلىق شەيئىلەرنى جېنى بار، ھاياتى بار، ھىس-تۇيغۇسى بار، سوزلىيەلەيدىغان نەرسە دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەسۋىرى ۋاس-

تىدا تاللاپ ئېلىنغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئادەم بىلەن ھەركەت، يۈرۈش - تۇرۇشلاردىكى مەلۇم ئوخشاشلىقىنى تۇتۇپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادە قىلىدۇ.

بالىلار ناخشىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەم توقۇلمىلىق خۇسۇسىيىتى ھەم رېئاللىق ئاساسى بار. شۇڭا بالىلار تەسۋىرلەنگەن نەرسىنى يالغان دېمەي، راست دەپ ئىشىنىدۇ. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدا رېئالنى تۇرمۇش بىلەن تەسەۋۋۇر بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن سەنئەت جەھەتتىكى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئىنتايىن ئۈستۈن.

بالىلار قوشاقلىرى بالىلار ئويۇنىغا باغلانغانلىقى، جۈملىدىن ئاھاڭغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تىلى ئىخچام ۋە ئېنىق، قاپىيىلىك، رىتىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بالىلار ناخشىلىرىدا مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، لېكىن مىسرالارنىڭ ۋەزنى ئېنىق، قاپىيىسى تولۇق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ زېھنى قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشكە ۋە بەدىئى تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق، مەسىلەن: «توگۈلەك ئويۇنى» نىڭ قوشاقلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

يولدىشىمكامنىڭ بىر قىزى
باسما كوينەك كېيىپتۇ.
باسما كوينەك كېيگەندە
ھېلىم بەككە تىگىپتۇ.
ھېلىم بەككە تەككەندە،
ئالتە بالا تېپىپتۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئېيتاي دىسە لاتا يوق
لاتا دىگەن ئوگۈزدە.
چىتاي دىسە شوتا يوق،
شوتا دىگەن دەرەختە،
كەسەي دىسە پالتا يوق
پالتا دىگەن بازاردا،
ئالاي دىسە پۇلى يوق.
پۇلى دىگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دىسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچكاملار ئولۇپتۇ.
ئاق مازارغا كومۇپتۇ.
ئاق مازارغا بىردەمدە،
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ.

بۇ قوشاقنىڭ ۋەزنى ئىنىق ھەم يەڭگىل بولۇشتىن تاشقىرى، سىيوژىتىمۇ بەلگىلىك مەنتىق تەرتىپ بويىچە قاناتىيايغان. يۇقۇرقىلاردىن كورۇشكە بولىدىكى، باللار ئويۇنلىرى ئىچىدە فولكلور ئېلېمېنتلىرى كوپ ئۇچرايدۇ. ئاخشاملىرى مەھەللىلەر بويىچە باللار جەم بولۇشۇپ، ھەرخىل باللار ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا يەنە قىزىقارلىق چوچەكلەرنى ئېيتىشىدۇ، تېپىشماق ئېيتىپ بىر-بىرىنىڭ زېھنىنى سىنىشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بىر خىل باللارنىڭ فولكلور پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

باللار ئويۇنلىرى باللارنىڭ يەڭگىل ھەركەتلىرى، شوخلۇقلىرى ۋە ھاياجانلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرى پارچىلارنىڭ ئاھاڭى شۇ ھەركەت تۈرلىرىگە ماسلاشقان.

تېپىشماقلارمۇ باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى ھېساپلىنىدۇ، تېپىشماقلار باللارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، قوشاقلار، چوچەكلەردىن ئوز خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پونكىتلىك ئەقلى مەشغۇلاتلارنىڭ بىرىدۇر. باللار تېپىشماق ئويۇنىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، ئوزىنى قورشاپ تۇرغان ئالەمنى كوزۇتۇشكە، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بىلىپ ئېلىشقا، ئۇلارغا بولغان ئوزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۇرۇشكە ئوگىنىدۇ، تېپىشماقنى تېپىش باللاردىن مول بىلىم، كوزىتىشچانلىق ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق چوچەكلىرى بولۇپمۇ ھايۋانات چوچەكلىرىنىڭ باللار فولكلورىدا تۇتقان ئورنى، باللار تەربىيىسىدىكى كوپ خىل رولى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە يۇقۇرقى بابلاردا مەخسۇس سوزلەنگەچكە، بۇ يەردە يەنە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

باللار فولكلورى ئىچىدە يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدىكى، باللار ئويۇنىغا باغلىق بەزى پارچىلارنىڭ مەزمۇنىدىن بىرەر پىكىر ئاڭلاشىلمايدۇ. لېكىن تېز ئېيتىدىغان بۇ تەرمىلەر باللارنىڭ ئوز ئانا تىلىنى توغرا ئۆگىنىشىگە بەزى مۇرەككەپ فونېملارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشكە ۋە نۇتۇق قابىلىيىتىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. يېڭى تىلى چىققان باللارنىڭ كوپىنچىلىگى ئادەتتە «ش» «ر» فونېملىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي «س»، «ل»، «يى» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىدۇ، ھەمدە بىر-بىرىگە ماس سوزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى تېز سوزلىيەلمەي دۇدۇقلاپ قالىدۇ. مانا شۇ پىسخىك ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، تىل مەشقى نۇقتىسىدا رېتىملىق ھەم ئاھاڭداش پارچىلار ئىجات قىلىنغان. «تاققا-تۇققا زەنجىر ماجان....» ئويۇنى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. بۇنداق پارچىلارنىڭ بەزىلىرى تېپىشماق خاراكتېرىگىمۇ ئىگە، مەسىلەن: «بىر توپ تۇت، بىرتۇپ تۇتنىڭ تېگىدە تورپ، تۇتنىڭ تومۇرىنى تورپ تارتىپ تۇرۇپتىمۇ ياكى تورپىنىڭ تومۇرىنى تۇت تارتىپ تۇرۇپتىمۇ؟» بۇ پارچىنى تەشكىل قىلغان ھەربىر سوز تەركىۋىدە «ت» تاۋۇشى بولۇپ، ئۇ سوزلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ تېز ئېيتىش باللارغا نىسبەتەن خېلى قىيىن بولغان تىل ئوتكىلى، ئۇنى ئوز ئارا تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق باللاردا ھازىر جاۋابلىق ۋە زاۋاندارازلىق خىسلەتلىرى يېتىلىدۇ.

دېمەك، تېز ئېيتىشلار بالىلار تەلەپپۇزىدىكى نۇقسانلارنى يوقۇتۇشقا قارىتىلغانلىغى-
دىن، ئۇلار ئارىسىدا ئەقىل ۋە سوزمەنلىك، چىچەنلىك مۇسابىقىسى سۈپىتىدە، ئويۇن-
كۈلكە، كوڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ.

بالىلار فولكلورى ئازاتلىققىچە بالىلارنى بەدىئىي-ئېستېتىك تەربىيەلەشنىڭ بىردىن-
بىر ۋاستىسى بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئايرىم نەمۇنىلىرى ھازىرمۇ ئازات زامانىنىڭ بەختىـ
يار بالىلىرى ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە، ھەتتا بەزىلىرى مەكتەپ دەرسلىرى ۋە ئوقۇش
كىتاپلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، يېڭىچە ھاياتى مەزمۇنغا ئىگە بولدى. جۇملىدىن كەلگۈسىنىڭ يا-
راملىق ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى
دەۋرىمىزدە تەشكىللىك ۋە مەقسەتلىك ھالدا بالىلار فولكلور ئەسەرلىرى يارىتىلىپ، يەس-
لىلەردە، باغچىلاردا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ تەربىيىسىنىڭ
بىر مەزمۇنى بولماقتا. بالىلار فولكلورىغا خاس بۇنداق ئەسەرلەر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيا-
تىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىدى ۋە ئويناماقتا.

# قوشۇمچە

## خاتىمە

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئازات بولۇشى كىشىلىك جەمئىيىتى تارىخىدا يېڭى بىر دەۋرنى باشلاپ بەردى. ئازاتلىق نەتىجىسىدە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ فېودالىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلغانلىقى، ئېلىمىزدىكى بارلىق خەلق ۋە مىللەتلەر ئەركىنلىككە چىقىپ، تەڭ هوقۇققا ئىگە بولۇشى، مەملىكەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئارزۇ - ئۈمىتلىرىنى رېياللىققا ئايلاندۇردى. بۇنداق زور تارىخى غەلىبىلىرىمىزنىڭ ئىلهامچىسى ۋە يېتەكچىسى — ئۇلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ دانا رەهبەرلىكى نەتىجىسىدە هەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن قىسقا دەۋر ئىچىدىلا ئالەمشۇمۇل غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئىگىلىگى يۇقۇرى كۆتۈرۈلدى، ئەزگۈچى سىنىپلار يوقۇتۇلدى، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاهاتى هەركىتى، يېزا ئىگىلىگىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە كوللېكتىپلەشتۈرۈش، يەككە سودا-سانائەتنى ئۆزگەرتىش، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تىكلەش ۋە مۇستەهكەملەش... قاتارلىق بىر تۈتاش ئىسلاهاتلار يۈرگۈزۈلدى. ئىدىئولوگىيە ساهەسىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ناهايىتى چوڭ ئىجتىمائى ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەردى. كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە ئىشچى - دىخانلار هاكىمىيىتى ئېلىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەرنى تەڭ باراۋەرلىككە ئىگە قىلىپ، هەممە جايلاردا مەكتەپ ۋە بىلىم ئوچاقلىرى ئېچىلدى. ئۆتمۈش كونا جەمىيەتتە ساۋاتسىز قالغان خەلقىمىز ئىنقىلاۋى روه بىلەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگۈتۈشكە كىرىشتى. مىليونلىغان خەلق ساۋاتلىق بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە پەن ئۇتۇقلىرىدىن بەهرىمەن بولدى، نۇرغۇنلىغان هەم قىزىللاشقان هەم مۇتەخەسسىسلەشكەن پەن - مەدەنىيەت خادىملىرى يېتىشىپ چىقتى. مانا بۇ تارىخى بۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئېلىمىزدىكى هەر قايسى خەلقلەرنىڭ باي ۋە رەڭمۇ - رەڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى تارىخىدىمۇ يېڭى دەۋر باشلاندى، خەلقنىڭ ئىجادىيىتى هېچقانداق دەۋرلەرگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىدى، يېڭى دەۋر، يېڭىچە ئىجتىمائى شارائىت، خەلقىمىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى كۈرەشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلەپ يېڭى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئېستىخىيىلىك خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى

ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن ئاڭلىق تۈردە خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە خەلقچىللىق ۋە دېموكراتىك مەزمۇنغا ئىگە ترادىتسىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خەلق ئىچىدە داۋاملىق تۈردە زور هاياتى كۈچىنى جارى قىلىپلا قالماي، دەۋر ئۆزگۈرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ماس هالدا ھەر-خىل تۈردىكى يېڭى ئاغزاكى ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. گەرچە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىدە مۇئەييەن ئۆزگۈرۈشلەر سادىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ «مەڭگۈ گۈزەللىكى» نى يوقاتمىدى. ئەكسىچە ئۇ، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ زور هاياتى كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرىمىزنىڭ ئەينىكى ۋە سىگنالى سۈپىتىدە دەۋرىمىزنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزىمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇردى.

هازىرقى زامان خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى ئىچىدە ئەڭ گۈللەنگەن، تارىخى رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان شەكىل خەلق قوشىقى بولدى.

زامانىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتى خەلق قوشاقلىرىغا يېڭى هاياتى كۈچ بەردى. يېڭى خەلق قوشاقلىرى يېڭى ئىدىيە، يېڭىچە ھېسسىيات ۋە يېڭى ئۇسلۇب بىلەن مەيدانغا چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پوئېزىيە تەرەققىياتىغا غايەت چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئومۇمى خاراكتېرى قايغۇ - ھەسرەت، ئىسيانكارلىق بولسا، بۈگۈنكى يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئومۇمى خاراكتېرى—خۇشاللىق، تەنتەنە، قەسىدىدىن ئىبارەت، شۇڭا يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا يېڭى دەۋر ۋە ئازات زامان كىشىلىرىنىڭ يېڭىچە مەنىۋى دۇنياسى ئەكس ئەتتۈرۈلدى، بوران - چاپقۇنلۇق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ ھەرقايسى سەپلەردىكى شانلىق غەلىبىلىرى تەنتەنە قىلىندى، فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى ۋە قالدۇق زەھەرلىرىگە قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خۇددى:

قوش، كالا، ئۇرۇق بىزنىڭ،  
يەر - سۇ ۋە ھوقۇق بىزنىڭ.  
گۈڭچەنداڭ بار ئومۇرلۇك،  
كوڭلىمىز يورۇق بىزنىڭ.

دىگەندەك، ئۆز غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە نۇرلۇق كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىت ۋە غايە جاراڭلىدى.

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىكى، سوتسىيالىستىك يېڭى خەلق قوشاقلىرى ئازات زامان كىشىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك رېئاللىققا نىسبەتەن پوزىتسىيىسى، ئاۋازى، ئۈمىت - ئى-

شەنچى ۋە تەلۋىنىڭ ئەڭ روشەن بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۆتمۈشتە يارىتىلغان ئەنئەنىۋى قوشاقلاردىن تۈپ ماھىيەت جەھەتتە پەرق قىلىدۇ. يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ھېسسىياتى چوڭقۇر، ئىشىنەرلىك، ساپ ۋە ساغلام بولۇپ، رېيالىزىم بىلەن رومانتىزىم ھەقىقى ھالدا زىچ بىرلەشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، سوتسىيالىزىملىق ئىدىيە، كوممۇنىزىملىق غايە بىلەن تولغانلىقى، كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلەتنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكى، جۈملىدىن بۇ يېڭى روھ يېڭى خىسلەت ئەمگەك بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇردى ۋە قىلدۇرماقتا.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تەرەققىياتى، ئەنئەنىۋى قوشاقلارنىڭ ئۇسلۇبى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەلۋەتتە نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم، يېڭى خەلق قوشاقلىرىدا كونا ئەنئەنىۋى خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبرازنىڭ ئېنىقلىقى، تىلىنىڭ جانلىقلىقى، رىتىم، ۋەزنىنىڭ گۈزەللىكى، شەكلىنىڭ يالتىراقلىقى، مەجازى ۋاستىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر كەڭ جارى قىلىنىپلا قالماي، بۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلار يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

يېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى شېئىرى ئوبراز بىر قەدەر ئوچۇق ۋە ئېنىق. كونا جەمئىيەتتە خەلق ئاممىسى ئېغىر ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئاممىسىدا ھېچقانداق ئەركىنلىك بولمىغاچقا، كونا خەلق قوشاقلىرىدا ئالغا سۈرۈلۋاتقان پىكىر كۆپ ھاللاردا يوشۇرۇن ئىپادىلىنەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن بولسا، خەلق دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولدى، ماددى ۋە مەنىۋى ئازادلىققا ئېرىشتى. ئەركىن سۆزلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇڭا يېڭى خەلق قوشاقلىرىدىكى پىكىر ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىنتايىن ئوچۇق ۋە كۈچلۈك بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى. قىسقىسى، يېڭى خەلق قوشاقلىرى سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ۋە مىللى شەكىلگە ئىگە بولغان ئوبرازلىق، ئىخچام، جانلىق ۋە جەڭگىۋار خەلق ئىجادىيىتى سۈپىتىدە نامايان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئازادلىقتىن كېيىنكى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى باھارىغا ئەگىشىپ، ئەسىرلەردىن بۇيانقى خەلقنىڭ باي ئاغزاكى ئىجادىنى ئۆگىنىپ، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. فولكلورشۇناسلىق خىزمىتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى، كوپلەپ خەلق قوشاقچىلىرى، شائىرلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ، خەلق ئىجادىنىڭ ئۈزۈلمەس مەنبەدەك ئېقىپ تۇرۇشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى، بۇ ساھەدىكى نەتىجىلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كىتاۋىمىزنىڭ 6 - بابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغاچقا، قايتا تەكرارلىمايمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا باشقا تۈر-

ژانىرلارغا قارىغاندا خەلق قوشاقلىرىنىڭ كەۋدىلىك تەرەققىي قىلىشى بۇ بىر قانۇنىيەتلىك ھادىسە، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئەدەبىيات سەنئەتتىكى (جۈملىدىن خەلق ئاغزاكى ئىجادىدىكى) ھەرقايسى تۈر - ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىكنىڭ ئىلمى ئاساسى ئۈستىدە توختىلىپ، كارل ماركس شۇنداق دېگەن ئىدى: «سەنئەتكە كەلسەك، شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن دەۋرلەردە گۈللەپ - ياشنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي راۋاجىغا، دېمەك، جەمئىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ ئىسكىلىتى بولغان ماددىي ئاساسىنىڭ راۋاجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن: گىرېكلارنى ياكى شېكىسپىرنى ھازىرقى خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرساق خۇددى شۇنى كۆرىمىز. سەنئەتنىڭ بەزىبىر شەكىللىرى توغرىسىدا، مەسىلەن، ئېپوس توغرىسىدا، ھەتتا شۇنداق بىر پىكىر قوبۇل قىلىنغانكى، بۇ پىكىرگە ئاساسەن جاھان تارىخىدا پۈتۈن بىر دەۋرنى تەشكىل ئەتكۈچى بۇ شەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ كىلاسسىك كورۇنۇشلىرىدە بەدىئىي ئىجات پەيدا بولغاندىن بۇيان تەكرار يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ شۇ تەرىقە، سەنئەت ساھەسىدە ئۇنىڭ مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزى شەكىللىرى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قويۇق باسقۇچلىرىدىلا ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن ئىكەن.»①

دەرۋەقە، ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق قوشاقلىرىدىن باشقا، ئايرىم ئەنئەنىۋى ژانىرلار (بولۇپمۇ ئېپوسلار، قىسسە ۋە داستانلار، رىۋايەت - ئەپسانىلار، چۆچەكلەر) نىڭ كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالماسلىقى ئەنە شۇ سەۋەپتىندۇر.

لېكىن ئومۇملۇقتىن ئېيتقاندا، خەلق ئۆلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئىجادىمۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، خەلقنىڭ ھاياتىغا ماس ھالدا يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلىپ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى ئۈستىدە سوز ئاچقاندا، ئازاتلىقتىن كېيىنكى خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمى قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇش مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراش زورۇر، ئەلۋەتتە.

ئاپتورنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، پەقەت كىتاپنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئەنە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

---

① ك.ماركس. ف.ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا» 1 - توم تاشكەنت. 1975 - يىل. 128 - بەت.

# بىبلىئوگرافىيە


— كارل ماركس. ف.ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»
1- 2 - توم. تاشكەنت، 1975 - 1977 - يىل.

ك.ماركس: « <گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىت> كە مۇقەددىمە»

— «ماركس - ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى. 1981 - يىل

ك. ماركس: «مورگان <قەدىمقى جەمئىيەت> كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»

— ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «مار- كس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم. خەلق نەشرىياتى 1972 - يىل، نەشرى،

— ف. ئېنگېلس: «گېرمانىيىنىڭ خەلق ھېكايىلىرى»، «ماركس - ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا». 4 - توم.

— ماركس، ئېنگېلس: «پىيرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، «ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم.

— ف. ئېنگېلس: «كىنەز ئېپتىمان»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى». 16 - توم.

— ۋ. ئى. لېنىن: «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى»

— ۋ.ئى.لېنىن: «مەدەنىيەت ۋە سەنئەت توغرىسىدا» تاشكەنت، 1962 - يىل

— ماۋزېدۇڭ:«ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى. 1957 - يىل

ماۋزېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم.

— ماۋزېدۇڭ: «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن سۆھبەت»

— ماۋزېدۇڭ: «يولداش چېن يىغا شېئرىيەت توغرىسىدا يېزىلغان خەت»

— م.گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1- 2- توم.

— پلېخانوپ: «ئادرېسسىز خەتلەر»«سەنئەت بىلەن ئىجتىمائى تۇرمۇش»خەلق نەشرىياتى 1962 - يىل

— لاپارگ: «ماقالىلار توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى 1979 - يىل

— چېرنىشېۋسكىي: «سەنئەت ۋە رىياللىقنىڭ ئېستېتىكا بىلەن مۇناسىۋىتى»، «چېر- نىشېۋسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»

—«لۇشۈن تاللانما ئەسەرلىرى» 3- 6-توم.

— «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا» (گې باۋچۈەن تۈزگەن) مىللەتلەر نەشرىياتى. 1980 - يىل

— مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - 2 - توم

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىگ»، 1 - توم تاشكەنت، 1979 - يىل

— ئەلىشىر ناۋايى «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» تاشكەنت، 1960 - يىل

— جوڭ جىڭۋېن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتنەزىرىيىسى» شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى. 1980 - يىل.

— «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1981- يىل.

— «دۇنيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982 - يىل

— فىڭ جىياشىڭ: «ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخى ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى 1955 - يىل.

— «ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى»، تاشكەنت. 1980 - يىل

— «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى

— موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى.

— «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى» تۈركىيە، ئىستانبۇل

— «كونا تۈرك شېئىرلىرى» تۈركىيە، ئىستانبۇل

— «دەدە قورقۇت داستانى» تۈركىيە، ئىستانبۇل

— «تۈرك گىراماتىكىسى» تۈركىيە، ئىستانبۇل 1945 - يىل

دوسان: «موڭغۇللارنىڭ مەخپى تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى

— ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا «تاۋارىخ موسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982- يىل نەشرى.

— ئى.ۋ.ئاۋادىيوپ: «قەدىمقى شەرق تارىخى»

— س.مالوپ: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1948 - يىل، موسكۋا

— س.مالوپ: «ئۇيغۇر يېزىقى» 1954 - يىل، موسكۋا

— «قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنى يادىكارلىقلىرى» مىللەتلەر شوبيۇەنى 1980 - يىل

— گېڭ شىمىن: «قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى - ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى. 1980 - يىل

— «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل

— «جۇڭگو ھايۋانات چۆچەكلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل

— «خەلق ئەدەبىياتى» ژورنىلى. خەنزۇچە، تولۇق سانلىرى.

—«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 1- 2- 3- كىتاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - 1982 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1- 2- 3- كىتاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981 - 1982 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» 1- 2- كىتاپ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- 1982 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» 1 - كىتاپ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

—«تېپىشماقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل

«ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل

—«بالىلار قوشاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981-يىل

—«شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلق ھېكايىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1960 - يىل

—«يۈسۈپ - ئەھمەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل

—«ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 - يىل

—ئا.مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى—«12 مۇقام ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى. 1981 - يىل

ئا.مۇھەممەت ئىمىن: «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 - يىل

—ئا. تۇردى: «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىۋى—مەشرەپ»

—ئا. تۇردى: «ئوغۇزنامە»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت» ژورنىلى. 1977 - يىل 5 - سان

—ش. ئۇمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېرىكلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 - يىل

م.زۇنۇن، ئا.راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 - يىل

—«شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى. 1 - سان، 1982 - يىل

—«بۇلاق» مەجمۇئەسى. 1- 2- 3- 4- جىلد

—ت. ئالماس: «قەدىمقى ئۇيغۇر قوشاقلىرى ھەققىدە». قەشقەر سىفەن شۆبىۋەن ئىلمى ژورنىلى. 1983 - يىل 3 - سان.

— «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى توغرىسىدا». «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» ژورنىلى. 1979 - يىل 7 - سان.
— ق. ھەسەن: «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» ئالمۇتا. 1957 - يىل.
— «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 1 - توم. ئالمۇتا. 1956 - يىل.
— «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى» ئالمۇتا. 1936 - يىل.
— «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى» ئالمۇتا. 1948 - يىل.
— «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خىرىستوماتىيىسى» ئالمۇتا. 1956 - يىل.
— «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» تاشكەنت. 1948 - يىل.
— «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» تاشكەنت. 1955 - يىل.
— «ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى» ئالمۇتا. 1960 - يىل.
— «ئۆزبېك خەلق داستانلىرى» تاشكەنت. 1957 - يىل.
— «ئۆزبېك پوئېزىيىسىنىڭ ئانتولوگىيىسى». موسكۋا. 1950 - يىل.
— «12 مۇقام» تېكىستلىرى. 1964 - ئۈرۈمچى.
— «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، «تارىم» ژورناللىرىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى سانلىرى.
— «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى. 1981 - 1982 - يىللىق سانلىرى.
— «ئىلى ئەدەبىياتى» ژورنىلى. 1981 - 1982 - يىللىق سانلىرى.
— «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى. 1982 - يىللىق سانلىرى.
— «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلى. 1982 - يىللىق 1 - 2 - سان.
— «قاشتېشى ئەدەبىياتى» ژورنىلى. 1981 - 1982 - يىللىق سانلىرى.
— «مىراس». قازاقچە 1 - سان.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى**

ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن

*

شىنجاڭ داشۆې ئوقۇتۇش باشقارمىسى نەشر قىلدى
شىنجاڭ داشۆې دەرسلىك بولۇمى تارقاتتى
شىنجاڭ داشۆې باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

1983 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,500